مىرزاھىد كېرىمى
ھاجى ئەخمەت

# ئالتۇن ئاچقۇچ

نەشرگە تەييارلىغۇچى:
مەمتىلى زۇنۇن

مەسئۇل مۇھەررىر:
خوجائابدۇللا ئوسمان

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئالتۇن ئاچقۇچ

(شېئىرلار)

مىرزاھىد كېرىمى    ھاجى ئەخمەت
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىلى زۇنۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: خوجائابدۇللا ئوسمان

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن
نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1982 – يىل 10 – ئايدا 1 – قېتىم نەشر قىلىندى
1982 – يىل 10 – ئايدا بېيجىڭدا 1 – قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.50 يۈەن

## نەشرىياتتىن

يولداش مىرزاھىد كېرىمى 1939 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1952 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكـ. تەپنى، 1955 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى، 1959 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنى تۈگەتكەن، ھازىر قەشقەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلماقتا. يولداش مىرزاھىد كېرىمىنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى 1956 ـ يىلدىن باشلاپ گېزىت ـ ژورناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان.

يولداش ھاجى ئەخمەت 1941 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ كوكئېرىق يېزىسىدا كەمبەغەل دىخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1957 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكـ. تەپلەردە، 1960 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەـ. بىيات پاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، 1980 ـ يىلى سىنتەبىرگىچە ئاقسۇ ۋە قەشقەرلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ھازىر قەشقەر ۋىلا. يەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ كادىرى. يولداش ھاجى ئەخمەت 1958 ـ يىلدىن ئېتىۋارەن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن.

بۇ توپلامغا يولداش مىرزاھىد كېرىمى بىلەن يولداش ھاجى ئەخمەتنىڭ بىر قىسىم شېئىر ۋە داستانلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## مىرزاھىد كېرىمى

## ئالتۇن ئاچقۇچ

ئوغلۇمغا . . . . . . . . . . . . . . . 3
جەڭچىمەن . . . . . . . . . . . . . . 5
خوش، قەشقەر! . . . . . . . . . . . 7
ئادىل جازا . . . . . . . . . . . . . 8
ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق (تۇرمۇش
سەرگۈزەشتلىرى) . . . . . . . . . . 11
ئانامغا . . . . . . . . . . . . . . . . 17
خوش، ئۈرۈمچى! . . . . . . . . . . . 19
ئاشىق ناخشىسى . . . . . . . . . . . 24
چۆلدە كۈز . . . . . . . . . . . . . 26
مەن گۈل ئىچىدە... . . . . . . . . . 27
بەختلىك سانا . . . . . . . . . . . . 28
دوستۇمغا . . . . . . . . . . . . . . 30
قەشقەردە باھار . . . . . . . . . . . 31
شۇ كېچە... . . . . . . . . . . . . . 32

تېگىدۇ مىراس... . . . . . . . . . . . 34
دۇتتار ھەققىدە غەزەل . . . . . . . . 34
دوستلۇق . . . . . . . . . . . . . 36
غەزەللەر . . . . . . . . . . . . . 37
قىزنىڭ زارى (ئىلگىيە) . . . . . . . . 39
مۇھەببەت لىرىكىلىرى . . . . . . . . 44
ۋاپادارغا قىل ھامان ۋاپا . . . . . . . 44
گۈل ئەۋەتتىم . . . . . . . . . . . 45
باھار ناخشىسى . . . . . . . . . . 46
باغ دىسەم... . . . . . . . . . . . 48
يېڭى يىل لىرىكىلىرى . . . . . . . . 50
گۈل كوردۇم . . . . . . . . . . . 52
ياشلىقتا قالسام . . . . . . . . . . 54
يۇر، بىللە ئۇتەيلى يىللار ئالدىغا... . . 55
قار ئۇچقۇنى قىشنىڭ چېچىكى . . . . . 57
كوچا سۇپۇرگۇچى قىز . . . . . . . . 59
ئوقۇغۇچىنىڭ ئارزۇسى . . . . . . . . 61
شائىر خىتاۋى (باللادا) . . . . . . . . 64
چولپان سورايدۇ (نىم شىھىتنىڭ سۇرىتىگە
قاراپ) . . . . . . . . . . . . 75
ئانا . . . . . . . . . . . . . . 81

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كوك چوچۇرىسى . . . . . . . . . . . 82
توي (مۇخەممەس) . . . . . . . . . . 83
كۇيلە، تارىم . . . . . . . . . . . . 85
ياشلىق . . . . . . . . . . . . . . . 87
كوڭۇل . . . . . . . . . . . . . . . 90
ئانا مېھرى . . . . . . . . . . . . . 92
سۇ . . . . . . . . . . . . . . . . 93
ئىلىغا مەكتۇپ . . . . . . . . . . . 94
قەشقەر . . . . . . . . . . . . . . . 98
چوچەك . . . . . . . . . . . . . . . 104
ۋەتەن ــ بەختىم . . . . . . . . . . . 106
قايدا ئۇ باغ؟ . . . . . . . . . . . . 109
ھېيتگاھ . . . . . . . . . . . . . . 111
قىل بۇگۇن جەۋلان يەنە! . . . . . . 118
زۇمۇرەت دولقۇنىنى سويۇپ كېلەر
سال... . . . . . . . . . . . . . . 120
كۇمۇش دولقۇنلار ئۇرۇلغان
قىرغاق . . . . . . . . . . . . . . 122
مىنۇتنى بىر كۇنگە تەڭ قىلىپ
ئوتسەم... . . . . . . . . . . . . 124
پارتىيە دىسەم... . . . . . . . . . . 126

هەممىنىڭ ئارزۇسى يۈكسەككە ئورلەش
(سىكىل) . . . . . . . . . . . . . 128
كۆز لىرىكىلىرى. . . . . . . . . . . .135
كۆز كەلدى . . . . . . . . . . . .135
يوپۇرماق. . . . . . . . . . . . . .136
باراك ئاستىدا . . . . . . . . . . .137
توختا، ئەي تۇرنىلار!. . . . . . .138
يارىمغا جاۋاپ. . . . . . . . . .140
ئالتۇن ئاچقۇچ (چوچەك) . . . . . . . .142


## هاجى ئەخمەت

## ۋىسال ئارزۇسى

### دەسلەپكى قەدەم


ئىنتىزارلىق . . . . . . . . . . . .173
دەسلەپكى قەدەم . . . . . . . . . . .174
هايات ئىشقى(بىر شائىرغا تەقلىت) . . .175
تىيانشان. . . . . . . . . . . . . .176
بۇلاق . . . . . . . . . . . . . . . .178
باهار تۇيغۇسى . . . . . . . . . . .179
تۇن پاجىەسى (ئانىنىڭ هىكايىسى) . . .180
نەي . . . . . . . . . . . . . . . .185

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېھنەت . . . . . . . . . . . . . . 186
تۇغۇلغان يەر . . . . . . . . . . . . . 187
ئالما كوچىتى . . . . . . . . . . . . 190
ئالجىر قىزىغا . . . . . . . . . . . . 192
بوۋاق . . . . . . . . . . . . . . 194
سۆيگۈ ئىسپاتى . . . . . . . . . . . . 196
دولقۇنلار قۇچىغىدا . . . . . . . . . . 196
قۇش . . . . . . . . . . . . . . . 197
ئېسىمگە سالدى . . . . . . . . . . . 198
ئىبرەت ئەينىكى . . . . . . . . . . . 199
باھار پەيزى . . . . . . . . . . . . . 200
زاۋۇتتا (زىيارەت خاتىرىسى) . . . . . . . 201
جەڭچىنىڭ قەلبى . . . . . . . . . . . 203
پارچىلار . . . . . . . . . . . . . . 204
قىزغا . . . . . . . . . . . . . . . 206
گۈلجاھان (داستان) . . . . . . . . . . 206

**پامىر ئىلھاملىرى**

تاغلار ساداسى (يول تەسراتلىرى) . . . . 215
خەلقىم غۇرۇرۇم . . . . . . . . . . . 217
چېگرا بۈركۈتى . . . . . . . . . . . 217
چالنىڭ ياشلىقى . . . . . . . . . . . 219
نەي قوشىقى . . . . . . . . . . . . . 220

ئىسسىق بۇلاق (باللادا) ........ 222
زەرەپشان ھەققىدە ئىككى شېئىر .. 225
تاجىك قىزى .......... 230
بال قوشقانمۇ سۈيۈنگە؟ ...... 231
يايلاق كېچىسى .......... 232
تاغدا .............. 234
يايلاق بۈركۈتى (داستان) ....... 236


## ھىجران قوشاقلىرى


ھىجران قوشىغى .......... 246
ھاياتقا مۇھەببەت .......... 247
كېلىچەك ............. 248
ۋىسال ئارزۇسى .......... 249
رۇبائىلار ............ 250
پارچىلار ............ 251
ۋىدا ............... 252
كۆلۈپ ياشايلى قىسمىتىمىزدىن .... 253
سويگىنىمگە ............ 254
سېغىنىش يالقۇنى .......... 256
مېنىڭ (مۇخەممەس) .......... 258


## ئەسسالام ھايات


ۋەتەن ھەققىدە غەزەل ....... 260

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دوستۇمغا . . . . . . . . . . . . . . 261
ئۇمىلىقتا . . . . . . . . . . . . . . 262
مۇھەببەت . . . . . . . . . . . . . . 264
ناخشىچى سىگىلىمغا . . . . . . . . . . 265
ۋەتەنىنىڭ ئەجرىنى ئاقلا . . . . . . . . 266
رۇبائىيلار . . . . . . . . . . . . . . 267
چول ئويغاندى . . . . . . . . . . . . 269
ساسلىقتا . . . . . . . . . . . . . . 270
ئەسسالام، ھايات! . . . . . . . . . . 271
گۈل بىلەن سوھبەت . . . . . . . . . . 274
ئېقىن بىلەن مەجنۇنتال . . . . . . . . 275
نېفىت دولقۇنلىرى . . . . . . . . . . 277
قاغىلىق . . . . . . . . . . . . . . 279
باغدا . . . . . . . . . . . . . . . 281
ھىممىتىنىڭ سېپىدىن ئۆتكەندە (يول
تەسىراتلىرى) . . . . . . . . . . . . 282
بىر گۈزەلگە . . . . . . . . . . . . 283
چولدە . . . . . . . . . . . . . . . 284
كارۋان سەپەردە . . . . . . . . . . . 286
خوتەن ھەققىدە غەزەل . . . . . . . . 287
راۋابىم . . . . . . . . . . . . . . . 288

قاردىكى ئىزلار . . . . . . . . . . . . 290
ئالدىدا ــ مەرھۇم شائىر نىم شېھىتنى
ئەسلەپ . . . . . . . . . . . . . . 291
خەلقىم . . . . . . . . . . . . . . 293
ئوغلۇمغا . . . . . . . . . . . . . 294
بولـماس . . . . . . . . . . . . . 296
باھار . . . . . . . . . . . . . . 297
چېچەك . . . . . . . . . . . . . . 298
يامغۇر . . . . . . . . . . . . . 299
يېـزام . . . . . . . . . . . . . . 300
گۈل ۋە بۇلبۇل . . . . . . . . . . 301
تۇيۇقلار . . . . . . . . . . . . . 302
ماي كەلدى . . . . . . . . . . . . 303
ئەيلـسە . . . . . . . . . . . . . 306
بىر جاناپـقا . . . . . . . . . . . 307
ۋەتەن ھەقـقىدە مۇخەممەس . . . . 309
بىـل . . . . . . . . . . . . . . 311
ئەسلەيمەن . . . . . . . . . . . . 312
بىر جۇپ ئاقـقۇ . . . . . . . . . . 314
مۇئەللىم (داستان) . . . . . . . . . 316

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

مىرزاھىد كېرىمى

# ئالتۇن ئاچقۇچ

# ئوغلۇمغا

(ئانا ئاغزىدىن)

ئەي باتۇر پەرزەندىم، ۋەتەن ئوغلانى،
تاۋلان، تېخى گاڭدەك ئوسسۇن غەلبەڭ.
كۈرەش-چېلىش، يەڭگىن ياساپ تويلارنى،
ئىز ئالسۇن تارىختا مەغرۇر سەھپەڭ.

رازىمەن جىگىرىم، سەندىن رازىمەن،
ۋەتەن دەپ، خەلق دەپ شەرەپ-شانىڭ قۇچ.
سۇدا ئۈز، زەپەر تاپ، ساڭا قايىلمەن،
بۇلۇتتىن ئېگىزلەپ ئاسمانىڭدا ئۇچ.

ئېخ، بالام، تۇنۇگۇن سېنى ياش توكۇپ،
ئېسىمدە "ئەللىيا.."دەپ باققانلىرىم.
دىر تىترەپ سوغ قىشتا، قاخشاپ قان يۇتۇپ،
كوكسۇمگە "يىغلىما.."دەپ ياققانلىرىم.

جان ئوغلۇم، پارلاقتۇر بۈگۈن زامانە،
سويگىن ۋەتىنىڭنى، سوي ئانا يېرىڭ.
سايرىغىن "چېلىش!" دەپ سەن باتۇرانە،
بۇلبۇللار تىلىدىن جاراڭلىق تىلىڭ.

ئۆگىنىش ئۇلۇغدۇر، ئوقۇ جان بالام،
ئوقۇغىن تىرىشىپ-تىرمىشىپ ھەردەم.
بىر كۈندە بىر يىللىق خىزمەت بېجىرىپ،
ئۆتكىن سەن ئۆتكەلدىن مەرتلەرچە بۇ دەم.

كوز نۇرۇم، قۇرغۇيۇم، مەغرۇر لاچىنىم،
بەختىيار ھاياتىڭ جەڭچىسى بولغىن،
چېلىشتا تاۋلىنىپ، ھەر دەم شاتلىنىپ،
پولاتتەك چىدام بەر، غەيرەتكە تولغىن.

قانىتىم جان بالام، سورايمەن شۇنى،
يىگىتلىك شوخ ناخشاڭ ماڭا خۇش كېلەر.
ئەسلە ۋەسىيىتىم، ئۇنۇتما مېنى،
غالىپ بول! جان ئاناڭ دەل شۇنى تىلەر.

1956-يىل ئىيۇل.

## جەگچمەن

— جەگچى بولساڭ، قورالىڭ قېنى؟
ياكى سەندە يوقمۇ ئارغىماق؟!
جەگچى دېيىشكە بولمايدۇ سېنى،
لايىق ئەمەس ساڭا بۇ ئاتاق.

— ئوخشىمىغاچ كىيگەن كىيىمىم،
يا شەپكەممۇ كورۇنگەچ باشقا؛
بولمىغاچقا ئوق ۋە ناگانىم،
بولمامدىكەن جەگچى ئاتاشقا؟

ياق، بۇلار ھىچ ئاساس بولالماس،
مەن جەگچىمەن، قورالىممۇ بار.
چېگرىدا پوستا تۇرمىغان بىلەن،
ئەمما ھەر دەم ھەر ئىشقا تەييار.

ئۇچالايمەن لاچىندەك چاققان،
سۇدا ئۈزۈپ بولىمەن ماترۇس.

ئۇچقۇر "خىيال" ئىتىم بار باققان،
تالماس قانات ھەر دەم ماڭا دوست.

ئوتكۇر-ياڭراق مىسرالىرىم بار،
ياش ئاققۇزار نامەرت كوزىدىن.
ئۇ-ئوق، نەيزە بەتلەنگەن تەييار،
ئوچۇرەر ھاياتنى دۈشمەن يۈزىدىن.

قوماندىمىز: ئالغا!-ئەلگە تەن،
ۋەھشىلەرنى قىلىدۇ ۋەيران.
ئوقىمىزدىن ھىلىگەر دۈشمەن
ساقلىيالىسۇن قانداق قىلىپ جان؟!

مەن كۈيلىسەم ئەل باھارىنى،
سويۈنەر دىل، سويۈنەر كوڭۇل.
چەكسەم بەخت سازى تارىنى،
نەپىسىگە قوشۇلار بۇلبۇل.

مانا شۇنداق جەڭچىمەن، دوستلار،
مىنى سويەر ۋەتەن قۇياشى.
بۇلبۇلۇم دەپ مىنى ئالقىشلار،
تاڭ قىزلىرى-كوڭلۇم سىرداشى.

مەن جەڭچىمەن، جەڭچىمەن مانا
چىن يولەكچىم — ئانامدۇر ۋەتەن.
گاڭ قورالىم — قەلەم قولۇمدا،
ئىجاتچىمەن، باتۇر جەڭچىمەن.

1957 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

## خوش، قەشقەر!

خوش، قەشقەر، كەتتىم مەن گۈزەل قوينۇڭدىن،
كەتتىم مەن ئوقۇشقا، كەتتىم مەن يانا.
قۇچاقلاپ سويۇشكە زىبا بوينۇڭدىن،
كېلىمەن، بەختىمگە ئامان بول، ئانا!

گۈلىستان باغلىرىڭ ئۈزرە يەلپۈنۈپ،
سالقىن تاڭ شامىلى قىيغىتىپ قالدى.
ماشىنا ئۈستىگە قىزلار تەلپۈنۈپ،
مەي بولغان توغاچنى ئىرغىتىپ قالدى.

مەن كەتتىم ناخشامنى قالدۇرۇپ سەندە،
شىلدىرلاپ ھەر ياپراق ئۇنى ئوقۇيدۇ.

www.uyghurkitap.com

جان قەشقەر، سىڭدۈرگەن ئەجرىڭ بار مەندە،
شۇڭلاشقا ياش ئوغلۇڭ قوشاق توقۇيدۇ.

مەن كەتتىم ئەنجۈرۈڭ كەبى سارغىيىپ،
كېلەرمەن قىزىرىپ ئانارىڭ ئوخشاش.
ئۈزەرمەن شېخىڭدىن ئالماڭنى ئېگىپ،
"ئاستانەم سالام!" — دەپ ئېگىپ توۋەن باش.

مەن كەتتىم، كېلىمەن قوغۇن پىشقاندا،
بەختىمگە سەن ياشنا، بولغىن سالامەت.
كېلىمەن سويۇنۇپ جان قوشۇپ جانغا،
مەرىپەت-بىلىمدىن تېپىپ سائادەت.

1957-يىلى ئاۋغۇست.

## ئادىل جازا

تارغىنا كوچىدا گۈگۈم چۈشكەن چاغ،
باراتتى ھەر يانغا كوز سېلىپ يىگىت.
ئىشىك ئالدى خىلۋەتتە كورۇپ بىر قىزنى،
باغلىدى ئۇنىڭغا شۇ ھامان ئۈمىت.

بەگۋاش، شوخ تۇيغۇلار قوزغالدى شۇندا،
ئۇ قىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى يېنىشلاپ.
ياكى قاش ئاتماستىن، يا كوز قىسماستىن،
تۇراتتى جايىدا قىز كۆلۈپ قاراپ.

"ئىندەككە كەلدىڭمۇ؟" ئويلىدى يىگىت، —
— سالام ئەي ياخشى قىز، — دېدى شۇ هامان.
تەئەججۇپ ئەيلەپ قىز بەردى قولىنى،
هىچ قويۇپ بەرمەستىن تۇردى ئۇ نادان.

— ئايلىنىپ كېلەيلى يۇرۇك باغچىغا،
— كەچۇرۇڭ ئىشىم بار، بېرىپ كېلىڭ سىز.
— سىز بىلەن بارغۇم بار، ئۇنداق دېمەڭا...
— ۋاي، قويۇڭ!، — دېدى-دە، ئاچچىقلاندى قىز.

يىگىت پەيز سۇرمەكنى ئىزلەپ ئۆزىچە،
تارتتى ئۇ دىلبەرنى مەيلىگە باقماي.
"چاڭ" قىلىپ تەگدى بىر كاچات يۇزىگە،
شەرمەندە بولدى ئۇ هىلىسى ئاقماي.

— سىزنى مەن ئۇرمىدىم، ئۇردى نەپرىتىم،
كىشىلەر سىز كەبى قارا دىل ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت نىمە ئۇ؟ بىلمەيدىكەنسىز،
مۇھەببەت ۋاپادۇر، ئۇ ئەمەس ھەۋەس.

بىر ئايال گەر پەسلىك قىلغاندا سىزگە،
سىز جازا بېرىڭكى مەرتلەرچە مەندەك.
ئەيىپكە بۇيرۇماڭ، خوش، كېتىڭ يىگىت،
خاپىمۇ بولماڭ سىز، — دىدى پاك يۈرەك.

ئىشكنى چىڭ ياپتى-دە، كىرىپ كەتتى قىز،
ياپراقتەك سارغىيىپ ئۇ يىگىت قالدى.
"جان تىكىپ بىر قىزغا مەن ئويلەنمىسەم،
نومۇستا ئۆلىمەن!" — دىدى، يول ئالدى.

كوردۇڭمۇ ئەي ساقال-بۇرۇت ئۈنگىسى،
كوڭلۈڭنى بېسۋال، سال ئاڭا نوختا.
سەن بۇزۇق دىمىگىن، ئۇزۇڭگە قاراپ،
كورگەنلا ئايالنى — بىر كۆلۈپ قويسا.

سەن ئالداپ گەپ بىلەن، پۇل-كىيىم بىلەن،
بۇزمىساڭ بۇزۇلماس قىزلار ھېچقاچان.
كەيپ-ساپا، ئىشرەتتىن تۇرمۇش يالغۇزماس،
مېھنەتتىن، ۋاپادىن كوكلەيدۇ ئىنسان.

1957-يىل ئاۋغۇست.

# ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق

## تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى

ئاسمان كوزلىرىدىن تامچىلايدۇ ياش،
شۇنچە جىمجىت ئەتراپ گويا غەپلەتتە.
ياپراقسىز دەل-دەرەخ يولۇمدا سىرداش،
ئېيتىڭچۇ، تەبىئەت نىمە ھەسرەتتە؟

ئىشتىلمەس ئېرىقتىن چىمەن قىرغاقلىق،
شىر-شىر ئاقار سۇنىڭ ئۈنى شۇ تاپتا.
نازۇك مەجنۇن تاللار — بەرقۇت ياپراقلىق،
مەڭزىمنى سويمەيدۇ ئېگىلىپ ئاستا.

قايغۇ دېڭىزىغا ئەتراپ بولغان غەرق،
قېنى ئۇ باغلارنىڭ گۈزەل جامالى؟
شۇ دەم ھېچنەرسىنى قىلالمايسەن پەرق،
دالا تىرىك جاندىن ئەجبا خالى؟

راست، كىمنىڭ چىققۇسى كېلەر سەيلىگە،
ئۇللىق ئۆيلىرىدە ئولتۇرماي شۇ ھال؟
يىغلاتقۇ ۋە رەزگى ھاۋا پەيلىگە
ماس كەلمەس بىر تۇستە بارىمەن خوشال.

بۇ غەمكىن كورۇنۇش،
بۇ كوڭۇلسىزلىك،
بىراق، شات دىلىمنى قىلالماس خىرە.
كۆيلىرىم قۇشلىرى ئۇچۇشىدۇ تىك،
تەمكىنمەن،
مەن يۇكسەك سويگۇگە ئىگە.

سەۋىۋى —
مېنى دەل مەشۇغۇم جانان،
شۇ تونۇش بۇلاقنىڭ يېنىدا كۇتەر.
مۇھەببەت بەختىدىن ياشنىغۇسى جان،
بۇ گۇل يۇرىگىمگە ئىشقىنى پۇكەر.

چېلىقتى كوزۇمگە شۇ چاغ بىر ساندۇق،
ئىپلاس چوكقۇرلۇقتا مۇگىلىنىپ تۇرغان.
"ئىچىدە بىرنىمە يا باردۇر، يا يوق؟"
دىدىم-دە، ئاچتىم مەن، ئورتەندىم شۇ ئان.

قوللىرىم تىترىدى، قاچتى خىيالىم،
ئانارDەك مەگزىمگە چۈشتى ياش ئەگىپ.
سارغايدىم ساماندەك، قالمىدى ھالىم،
بىر پەس جىم قاپتىمەن شامالدا سەگىپ.

نىمىنى كوردۇم مەن، ئەپسانىدىكى
ئەجدىھا چىقتىمۇ يىپىش ئۇچۇن يا؟
ئۇچ باشلىق يىلانمۇ — زەھەر نەشتىرى؟
ياق!
سىرلىق نەرسە بۇ، كورۇڭلار مانا:

ياتاتتى ئاي ئوخشاش بىگۇنا بوۋاق،
گىلىدا بارماقنىڭ دەھشەتلىك ئىزى.
ئوغۇل ئىدى گۈزەل شۇنچىلىك ئوماق،
قوي كوزى يۇمۇلۇپ، پۇكۇلگەن تىزى...

غەزەپتە تۇگۇلگەن مۇشتۇملىرى چىڭ،
ئاھ! گەپ قىلماقچىدەك سەل ئوچۇق ئاغزى.
(بوۋاقلىغىم كەلدى يادىمغا گويا...)
بۇلۇتتەك ئاقىرىپ تۇرىدۇ باغرى...

.....................

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

ئەي، سەن سەبى بالا!
ئولگەن بىھۇدە،
ئېيت، قايسى نامەرت ئۇ — قاتىللىق قانخور؟
تېرىقچىلىك جېنىڭ خەتەرلىكمۇ يە؟
كىم ئۇ — تاپماق بولغان قېنىڭدىن ھوزۇر؟

نامەلۇم ئۇ ۋەھشى نىمە تاپقاندۇ،
شۇم قولى تىترىمەي ئازاپلاپ بوغۇپ؟
مەجبۇر قىلغانمىدۇ ۋە ياكى بىرو؟
كىم بىلسۇن قالدىمۇ ئەيىپدار بولۇپ.
تېخى كوز ئاچماستىن توغۇلۇپلا ئۇ؟

يىگىتمۇ، يا قىزمۇ قىلغان جىنايەت؟
مۇھەببەتكە ئەجەپ ئېغىر خىيانەت؟
پاجىە ئۈستىدە بولسام ئەگەردە،
ئۇكىجان بوۋاقنى ساقلاپ قالاتتىم!
دوستلار!
جان بەرسەممۇ مەيلى شۇ يەردە،
ئىنسان مۇھەببىتىدىن بەخت تاپاتتىم.

* * *

يار يېنىغا كېتىپ بارىمەن داددىل،
شۇ كۈنى قىلىشقان ۋەدىمىز ئۈچۈن.

"غارىدا سويگۈنىڭ بولمىغىن غاپىل"
دىگەندەك ھەر ياندىن كېلەتتى بىر ئۈن.

ئەنە ئاي...
يولەنگەن تېرەك غولىغا
قاراپلا، يۈرىگىم جۇغ قىلىپ قالدى.
سۇ قۇيۇپ بېرەلمەس ئايمۇ قولىغا
كوڭلۈمگە ئىشقىدىن شۇ يار ئوت سالدى.

"كەلمىگەنمىكىنە" — دىسەم ئىنتىزار،
كۈتۈپتۇ تاقەتلىك مېنىڭ سويگىنىم.
يا سوغاق،
يا يامغۇر
قىلالماپتۇ كار،
شۇنچىمۇ ۋاپالىق ئىكەن كويگىنىم.

تىلسىز مەن...
ئالدىدا سىرىمنى كوزۇم
جۇپ يۇلتۇز كوزىگە ئېيتىپ تۇرىدۇ.
ھەئە!
يېنىغىمۇ باردىم، چىن سوزۇم،
مېنىڭ پاكلىغىمنى دىلبەر تۇيىدۇ.

جۇش ئۇرۇپ پونتاندەك تاشتى شوخ بۇلاق،
كۇمۇشتەك سۈيىگە شولىمىز چۇشكەن.
قۇياش چىقتى كوكتە...
بۇلۇتلار يىراق
قاچتى...
مەن قارىسام تەبىەت كۇلگەن.

ئاھ!...
شۇ ئاچچىق ئىزدىن بەرمىدىم دەرەك،
ئۇرنى يوق ئېيتىشقا ھىچقاچان،
چۈنكى
قوش يۇرىگىمىزگە سادىقلىق ئەمەك،
ئۇچمەيدۇ بۇ ۋەقە دىلدا شۇ كۈنكى.

بىزنىڭمۇ بالىمىز بولار...
بۇ چوقۇم!
تەقدىرى باشقىچە:
گۇل قىسىپ ياشار.
كوزۇمگە ئەركىلەپ كورۇندى ئوغلۇم،
ئادەملەر!
بىر ئومۇر بويى بەختىيار.

1957 ـ يىل ئوكتەبىر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئانامغا

قەشقەردە تەلمۈرۈپ مەكتۈپ كۈتسەن،
كوزلىرىڭ ئىشكتە، بىلىمەن ئانا.
تاڭ شەبنەملىرىدەك يېشىڭ توكسەن،
سېغىنغاننى بىلىپ تۇرىمەن مانا.

ئەسلىسەم يېقىملىق، غەمكىن چېھرىڭنى،
ئەركەم دەپ بەزلەيدۇ ئالدىمدا شولاڭ.
نىمگە تەڭ قىلىپ بولار مېھرىڭنى؟
كېلەر كوز ئالدىمغا شۇ يېشىل باراڭ...

ئەسلەيمەن گودەكلىك چېغىمنى، ئانا،
"بالام" دەپ كەينىمدە بولاتتىڭ سەرسان.
كوزۇڭدە دائىم ياش، قولۇڭدا توقاچ،
سىلاپ باش-كوزۇمنى بېرەتتىڭ دەرمان.

يادىمدا، جان ئانا، ئاشۇ باراڭدا،
«چىن تومۇر باتۇر»دىن باشلايتتىڭ قوشاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نوزۇگۇم قىسسىسىن ئېيتىپ تۇن بويى،
سالغانتىڭ قەلبىمگە چوڭقۇر ئىشتىياق.

ئوقۇيتتىڭ، راۋاپنى چالدۇرۇپ ماڭا،
مەرت سېيىت نوچىنىڭ قوشاقلىرىنى.
قىلاتتىڭ نەسىھەت، ئۆگەن بالام، دەپ،
تاشتۇرۇپ كوڭلۇمنىڭ بۇلاقلىرىنى.

يۇرت، مىللەت مېھرىنى — سېنىڭ مېھرىڭنى،
تېڭىپ ئوت يۈرەككە قۇش بولۇپ ئۇچتۇم.
ئوقۇدۇم، چوڭ بولدۇم...
ئىللىق چېھرىڭنى
سېغىنىپ هەر زامان ئانا، ئويلۇدۇم.

سەن تىكىپ بەرگەن ئۇ ئاق بادام دوپپا،
ھىلىمۇ بېشىمدا سولەتلىك تۇرار.
ئالسام مەن ھەر ئاخشام قەلەمنى قولغا،
بۇلاقتەك بۇلدۇقلاپ ئىشقىم جۇش ئۇرار.

مېنى كوز ئالدىڭغا كەلتۇرەلەمسەن؟
چىناردەك بوي تارتتىم، كوڭلۇم گۇلىستان.
بارسام مەن يېنىڭغا، بارسامەن ئامان،
بىر ھازا تەلمۇرۇپ، تونۇيسەن ئاران.

سىھىرلىك كۈچ بىلەن مۇھەببەت مېنى
يەتكۈزەر ۋىسالىغا، دۇئا قىل، ئانا.
بىلمەن خارلىقتا قالىدۇ ئەبەت،
ئانىنىڭ غېمىنى يېمىگەن بالا.

تىلەيدۇ بۇ ئوغلۇڭ، ياش توكمە زىنھار،
ئوتىمەن بىر ئۆمۈر قەدىرلەپ سېنى.
مەرتلەرنىڭ سېپىدە كورستەي دىدار،
يەتكىن سەن مۇراتقا قۇچاقلاپ مېنى.

1958 -يىل ماي.

## خوش، ئۈرۈمچى!

ئاھ، مېھرىم خانتەڭرى كوكسىدە قالدى،
ئاھ، زېھنىم ئاق بوغدا ئۈستىدە قالدى...

* * *

ئەي مېنىڭ كوزۈمنى ئاچقان ھور دىيار،
مەن سەندىن ئامالسىز كېتىمەن شۇ ئان،
ئېيتقىنا، باغرىڭدىن قىلىپ ئىختىيار
ئايرىلار قانداقمۇ شۇ دەم تىرىك جان؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كوزۇمدىن توختىماي تامچىلار يېشىم،
ئانامدەك رازىلىق بەرگىن سەن ماڭا.
خوش گۆزەل ئۆرۈمچى، مېنى ئۇنۇتما،
قالدۇرۇپ كېتىمەن ناخشامنى ساڭا.

سەن مېنى ئۇزاتقان چاغدا بۇ سەھەر،
يىغلىساڭ يىغلايمەن، كۈلسەڭ كۈلىمەن.
يىغىمىز ھىجراندىن بېرىدۇ خەۋەر،
كۈلكىمىز ۋىسالنى ئەسلىتەر جەزمەن.

ماشىنا گۈكرەپ چىققاندا يولغا،
يۈرىكىم سۇغۇرۇلۇپ قالغاندەك بولدى.
قارىسام تەلمۈرۈپ ئوڭغا ھەم سولغا،
ئۆرۈمچى، ۋۇجۇدۇم قايغۇغا تولدى.

ئەنە ئۇ شەۋكەتلىك خەلق تىياتىرى،
كەلدى كوز ئالدىمغا غېرىپ ۋە سەنەم.
ئاھ، شۇنداق تەسىرلىك ئوينالغان ئىدى —
مۇھەببەت قەدرىنى ئاشۇرۇپ «غۇنچەم»...

ئورتا شەرق سەنئىتى، نەغمە-ناخشىسى،
مەشەدە ئۆزىنى قىلغان نامايان.

مەشەدە غەزەلنىڭ ياڭراپ ياخشىسى،
ئېچىلغان غۇنچىلار، بولغان گۇلىستان.

ھەيۋەتلىك ئىمارەت — شۇ قىزىل بىنا،
مەرىپەت-ھېكمەتنىڭ قاينار بۇلىغى.
(مەن يەنە ئوقۇشنى قىلىمەن ئارزۇ،
قايتىپ كەل ياشلىقنىڭ ئەي جۇشقۇن چېغى!!)

"ساۋاقداش سىردىشىم، يېقىن تونۇشۇم،
بارمۇسىز دوستلىرىم، يىگىتلەر-قىزلار؟
سىلەرنى ئاپايمەن، سىلەر غۇرۇرۇم،
ۋە يەنە شات-خورام ئۇتىمىز بىزلەر.

ئىستەيتتىم ئوقۇشنى سىلەر بىلەن شات،
شۇ دەم خەير، سالامەت، ياخشى قېلىڭلار!...
بۇ ئۇلۇغ دەۋراندا بەختىيار ھايات،
تىرىشىپ ئوقۇڭلار،
ئىجات قىلىڭلار..."

دىدىم-دە، كوتەردىم قولۇمنى ئېگىز،
ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى ئاجايىپ.
مەن ئۇچۇن ئۇ قىزىل بىنا بەك ئەزىز،
بىر ئومۇر كوزۇمدىن بولمايدۇ غايىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىزدىنىپ ئوقۇغان ئىدىم مەن ئۇندا،
لۇتپۇللا ئىزىدىن قويۇپ مەن قەدەم.
شېكسپىر، بايرۇننى تونۇدۇم شۇندا،
«تارىم»غا گۈل سۇنۇپ ئالدىم مەن قەلەم.

ئۇستازىم ناۋايى، نىزارى، مەشرەپ،
دەرس ئوتتى مەشەدە سەنئەت بابىدىن.
ۋەتەننىڭ شوھرەتلىك شانىنى ئەسلەپ،
مەي ئىچكەن ئىدىم مەن ئىشق شارابىدىن.

پۇشكىنگە مەن ھەمرا بولغاندا ئۇ چاغ،
بولدۇقلاپ ئېتىلغان سويگۇ پونتانى.
كوڭلۇمدە يار ئۇچۇن ياسالدى گۇلباغ،
ياشىندى ياش شائىر جانى-جاھانى.

ئېخ، بۇندا كوكۇللۇك تۇيۇلغان دەملەر،
ئۇنتۇلماس، ساقلىنار مەڭگۇ قەلبىمدە.
بولبۇلغا ئايلىنىپ خىيالچان تىلەك،
سايرايدۇ مەدھىيلەپ مېنىڭ ۋەسلىمدە.

خوش ئەزىز ئۇرۇمچى، كېتىپ بارىمەن،
شۇنداق ئۇز، خىسلەتلىك ئوت قۇچاغىڭدىن.

شەنگگە مەن قوشاق قېتىپ بارىمەن،
كوز ئۆزمەي ھەيۋەتلىك ئاق چاچ تاغىدىن.
ئايدىڭ كول بويىدا ئاق تۇمانلارغا،
چىرمىشىپ زەپىران چېھرىمىز قالدى.
قەمبەرخان ساچىدەك مەجنۇن تاللارغا،
ئىلىنىشىپ ئاجرىماس مېھرىمىز قالدى.

جەنۇپقا — بىز تۇرپان ئۈزۈملىرىنىڭ
خۇشپۇراقلىرىنى ئېلىپ قايرىلدۇق.
سويۇملۇك ئۈرۈمچى،
ياق، سەندىن ئەمەس،
شۇ تاپتا بىز قاخشاپ جاندىن ئايرىلدۇق.

ئەي مېنىڭ كوزۇمنى ئاچقان ھور دىيار،
يۈرىگىم قەشقەردە، ئىدرىگىم سەندە.
خوشلىشىپ ئىشقىمنى قىلىمەن ئىزھار،
ھەقىقەت سۇنمايدۇ، تىلىگىم سەندە.

خوش دەيمەن ياش توكۇپ،
خوش دەيمەن كۈلۈپ،
تۈتقۈنلۇق ئۇمۇرلۇك ئەمەس مەن ئۈچۈن.
كېتىدۇ بۇ ھىجران كۈنلىرى ئوتۇپ،
بەختىيار مۇشەققەت چەكسەم سەن ئۈچۈن.

. . . . . . . . . . . . . . . . .

جانجان پارتىيەم تىككەن كوچەت مەن،
ئۇستۇرەر پارتىيەم قىلىپ پەرۋىرىش.
ئەگەر مەن تاشلانسام يۇلغۇنلۇق چولگە،
تەر توكۇپ ئايانماي قىلىمەن بىھىش...

شۇ دەم ئەرك بۇلبۇلى ساڭا خوش ئېيتار،
كەتمەكتە بۇرچىنى قىلىشقا ئادا.
ئۇرۇلۇپ تاغلاردىن-تاغلارغا ياڭرار،
ھەسرەتلىك قەلبىمدىن چىققان بۇ سادا.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

ئاھ! مېھرىم خانتەڭرى كوكسىدە قالدى.
ئاھ! زېھنىم ئاق بوغدا ئۈستىدە قالدى...

1964-يىل ئىيۇن.

## ئاشىق ناخشىسى

"ئوزۇم ھەر جايدا مەن، كوڭلۇم سەندەدۇر"،
سەھەردە يەلپۇنەر خوش چىمەندەدۇر.

مەيۈسلۈكتىن ئەمەستۇر بۇ جىمجىتلىق،
خىيالىم يەلكىنى ئۇل تومەندەدۇر.

كى ئىشىق ئەھلىگە شاھمەن، تۇتقۇنمەن،
پۇتۇم كىشەندە، كوزۇم گۇلشەندەدۇر.

قارا باتۇر پىسەنت ئەمەس ئالدىمدا،
تاھىر مەن زوھراغا دىلىم بەندەدۇر.

ئى ۋاي زىنداندا، چوڭقۇردا ياتسامۇ،
روھىم خانتەڭرىدە — ئەڭ بەلەندەدۇر.

ۋاپا باغىدا خىلۋەتتە ئۇچراتقان
مىنىڭ مەيلىم نومۇسچان لىۋەندەدۇر.

جاپا تاغىن يۇدۇپ ماڭغان پەرھادمەن،
غەزەلىنىڭ مۇڭلۇغى دوستلار مەندەدۇر.

نىچۇن توختاي بۇ ناخشىنى ئېيتىشتىن؟
ئۇنۇم ھىچ پەسلىمەس جانىم تەندەدۇر.

ئەگەر، ئەرك بۇلبۇلى، ئۇلسەم قايغۇرما،
شەرەپ ـ شانىم، ئەقىدەم ۋەتەندەدۇر.

1967 ـ يىل سىنتەبىر، شايار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چولدە كۆز

پايانسىز كەڭ چولگە سىلىپ ۋەھىمە،
شىلدىرلار مۆكچەيگەن توغراق تىنىمسىز.
يىراقتىن توشقانلار ئۈنى كورگەندە،
شىپ توختاپ كەينىگە قاچار شەپىسىز.

قاپتۇ بىر شىخىدا توت تال ياپرىغى.
سارغىيىپ سوغاقتا تىترەپ تۇرىدۇ.
غولىدىن سويۇلۇپ چۈشكەن قاسرىغى،
ھەر ياندىن ئىزغىرىن شامال ئۇرىدۇ.

ئۈستىدە ساز چالار ئالۋاستى-شەيتان،
ئاستىدا قاۋانلار ئۇسۇل ئوينايدۇ.
مۆكلۈق چول قورقۇنچ ئىچىدە قالغان،
قۇم پۇر-پۇر كوچمەكتە، بورە ھۇلايدۇ.

بۇلۇتلۇق ئاسمانغا قاراپ ئەنسىرەپ،
ئولتۇرار ھۇقۇشلار شۇ پور توغراقتا.

تۇرنىلار لەشكەردەك تارتىپ كوكتە سەپ،
كېلەر، ئەرك بۇلبۇلى، كېتەر قاياققا.

1968 - يىل ئۆكتەبىر.

## مەن گۈل ئىچىدە...

تومۇر پەنجىرە ئالدىدىن كەتمەي،
چېكىسەن پەريات ئەزىزىم ئانا.
قارايسەن كوككە تەلمۈرۈپ يىغلاپ،
قارايسەن قارلىق تاغلارغا يانا.

قاراپ ھەر يانغا ئىزدەيسەن، ئەمما
مېنى تاپالماي سەن ئاھ چېكىسەن.
تەڭلەنسە ساڭا بەتلەنگەن مىلتىق،
چىداپ تۇرالماي جاندىن كېچمەن...

بىلىپ تۇرىمەن قاراڭغۇ ئۆيدە،
سېنىڭ ھالىڭنى قېتىپ ناخشىغا.
ئېيتقىنا، نىچۈن مۇشۇ كۈنلەردە،
كۈن يوق ۋەتەننى سويگەن ياخشىغا؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بالامنى كورەي دىسەڭ، ئانىجان،
بېرىپ قەشقەرغە ھاردۇغۇگنى ئال.
ھېيتگاھدا ئوسۇپ ئېچىلغان گۈلگە،
توكمەي يېشىگنى كۆلۈپ نەزەر سال.

مېنى كورىسەن، كوگلۈڭ ئېچىلار،
زىنداندا ئەمەس مەن گۈل ئېچىدە.
گۈللەر ئېچىدە ئوغلۇڭ تېپىلار،
گۈلزارغا قارا كۈندۈز ـ كېچىدە.

شۇ دەم زىنداندا ئازاپ چەكسەممۇ؟
كوگلۈم گۈلشەندە قىلىدۇ سەيلى.
ئانا شۇ گۈلگە ياشرىپ قارا،
كورۈنەر ئوغلۇگنىڭ سۈرىتى ئەينى.

1968 ـ يىل نويابىر.

## بەختلىك سانا

تومۇر پەنجىرىنىڭ ئالدى گۈلزارلىق...
ئۈزۈلگەن ئۇمىدىم گۈل ئاچتى، ئانا.

بىتەلەي دىمىگىن ئوغلۇڭنى زىنهار،
قورقمىغاچ جاپادىن، بەختلىك سانا.

مۇشەققەت ئەر ئۈچۈن ھەقىقى سىناق،
بۇ مۇشكۈل ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەس نامەرت.
چۈشۈپ دۇم ئورنىغا—ئوزى كولىغان
بەخت گۈلزارىنى كورەلمەس نامەرت.

قانچە كوپ رىيازەت چەكسەم رازىمەن.
تۆغۇلغان يېرىمگە توكۈلەر تېرىم...
مىڭ جاپا تاغىنى ئېلىپ يەلكەمگە،
كېلىمەن ئالدىڭغا پۈكۈلمەي بېلىم.

ئالقىشلار پارتىيە مېنى شۇ چاغدا،
ئالقىشلار خەلق-ئېلىم تەنتەنە بىلەن.
كورۈنۈپ كوزۈمگە، شۇ كۈن مەن خوشال،
شان-شەرەپ قۇچار خەلق غېمىنى يىگەن.

1968-يىل دېكابىر

www.uyghurkitap.com

## دوستۇمغا

دوستۇم، چىراي ئەينەك ئەمەستۇر،
دىل ئۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرماس.
تۈلكە دائىم ھىجىيىپ تۇرار،
ئۇ ھەرقاچان ئەپتىنى بۇزماس.

كۈلۈپ سىنىڭ سىرىڭنى ئالار،
سىرىڭ بىلەن جىنىڭنى ئالار.
بال دەپ ساڭا زەھەرنى بىرەر،
كۆتەردىم دەپ، يەرگە چاق ئاتار.

ئۇنداق دوستتىن كەچكىن ھايالسىز،
ئەل غىمىنى يىگەنگە دوست بول.
ھالاۋەتنى ئۇتۇنۇپ ئەلگە،
جاپانى تەڭ تارتقانغا بەر قول.

1969 ـ يىل يانۋار.

# قەشقەردە باهار

ر كەلدى قىلىپ شوخ جىلۋە بوستان سىكىلەكلەردە،
ۈپ رەڭدار گىلەم، ئەتلەس ئېتىز-قىردا، چونەكلەردە.

ۇلداپ كۆن كوتەرسە باش مۇنار ئۇزرە چېچىلغاي زەر،
لالاپ-نۇرلىنىپ قەشقەر چىمەنزار كەڭ ئېتەكلەردە.

! يەلپۈنسە مەجنۇنتال ئارا بۇلبۇلغا ساز چېلىپ،
ـڭغا جۆر بولۇپ سايراپ دىدى "كاككۇك!" تېرەكلەردە.

ىپ مۇز-قار، چېچىپ مارجان تومەندە شوخلىنىپ ئاقتى،
ـلدى ئۇنچە-مەرۋايىت يېشىل قىياق جىيەكلەردە.

پ گۇللەرنى كېپىنەك هۇشىدىن كەتتى هېيتگاهدا،
ـق-ۋىلىق كۆلۈپ شۇنچە ئېچىلغان خۇش پورەكلەردە.

ت تاپتى تۇتۇپ بىر بىرسىگە بۇ گۇلنى قىز-يىگىت،
قىنىڭ ئۇچىغىدا تاۋلىنىپ ئوتلۇق كويەكلەردە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىس ئادرېسى

مۇھەببەتتىن قانات ياساپ، بۇ قەشقەر گۈلىنى مارسقا
ئېلىپ چىقسام دىگەن ئارمان بولۇپ گۈلزار تىلەكلەردە.

لەيلىدەپ چوققىدا تۇغلار زەپەردىن خۇش خەۋەر بەردى،
ئىلىم-ھىكمەت قىلىپ جەۋلان سۈزۈك ئاسمان-پەلەكلەردە.

بولالمىغاي ماڭا دىلبەر شۇ گۈلنى قىسمىغان رەنا،
ۋەتەن دەپ جان تىكىپ ئىشلەپ يىغىپ كۈچ گاھ بىلەكلەردە.

تەبەت ئەركىنى كوكلەم، ئۇمۇرنىڭ كوكلىمى ياشلىق،
باھار كەتمەس ھاياتىدىن ئىلىمغا يار يۈرەكلەردە.

نىچۈن بۇ باغدىكى بۇلبۇل ۋاپادىن يارغا كۈل سۇنماس،
كۈلۈپ خەندان ئۇرۇپ تۇرسا ئۇمىت بەختى چېچەكلەردە.

1970-يىل مارت.

## شۇ كىچە

دوستلار يادىمدىن چىقماس شۇ كىچە،
ئاھ، شۇ كىچىدىن ئالىمەن ئىلھام،

ئاھ، شۇ كېچىدە تەلمۈرۈپ شۇنچە،
"مېنى ئۇنۇتما!" دىگەنتى جورام.

نۇر چېچىپ تۇرغان ئاسماندىكى ئاي،
شىلدىرلاپ تۇرغان باغدىكى ئالما،
يەنە شۇ سوزنى قايتىلاپ تورغاي
سايرىغان ئىدى ياپ-يېشىل تالدا...

مېنىڭ ئېسىمدىن چىقمىدى بۇ راست،
مەن ئۇنۇتمىدىم يارىمنى ھامان.
مەن ئۇنۇتمىغاچ ئوچۇرەلمىدى،
ئىشق ئوتۇمنى قاراڭغۇ زىندان.

پۇتۇمدا كىشەن، كوزۇمدە گۇلشەن،
ناخشا ئېيتىمەن تاڭنىڭ شەنىگە.
ناخشا ئېيتىمەن "يارىم" دەپ توۋلاپ،
مەن ۋاپا قىلىپ بەرگەن ۋەدىگە.

چىقماس شۇ كېچە ئېسىمدىن ئەسلا،
بېغىشلار ماڭا كۇچ-قۇۋۋەت، دەرمان،
ۋاپا-ساداقەت بىلەن يارىمنى
رىزا قىلىشتۇر مەندىكى ئارمان.

1970-يىل ماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تېگىدۇ مىراس...

توزدۇردى گۈلۈمنى باھار شامىلى،
بىر يۇتۇم سوغ سۇغا قىلدى ياز تەشنا،
زەپىران ئەيلىدى كۈز چىرايىمنى،
كوكسۇمگە رەھىمسىز قىش ئۇردى پەشۋا.

ۋە لېكىن ياشاشتىن ئۈمىت ئۈزمىدىم،
گۈللىرىم توزسىمۇ، شاخلىرىم سۇنماس.
جاھاندىن شۇنداقلا يىغلاپ ئۆتمەيمەن،
تېگىدۇ كۆلكەمدىن پۇشتۇمغا مىراس...

1970-يىل ئاۋغۇست.

## دۇتتار ھەققىدە غەزەل

مەن چالغان دۇتتار كەبى كىمنىڭ يانا دۇتتارى بار
دائىما باغرىمغا باش قويغان ئۇنۇڭدەك يارى بار.

بۇ دۇتتارنى قولغا ئالسام يادىمە يارىم چۈشەر،
چاچلىرى سايە چۈشۈرگەن بويىندا تۇمارى بار.

سىغىنىپ پەريات ئۇرۇپ چالسام ئەگەر كوككە بېقىپ،
ئاي چىقار بۇلۇت ئىچىدىن يامغۇرى، مۇڭ-زارى بار.

ئاڭلىغاي ئاھىمنى يۇلتۇز تاڭ سەھەر چولپان بىلەن،
كۆن چىقىپ ھالىمنى سورار شۇنچىلىك خۇمارى بار.

بۇ دۇتتارنىڭ پەدىسى يوق ھەم ئۇزۇكتۇر تارىسى،
قاي كىشىنىڭ بۇ كەبى كوڭۇل ئاچار دىلدارى بار؟

ئاشىغىمەن قەلبى ئوت شۇ نازىنىننىڭ ھور جامال،
بۇ دۇتتاردا چىن مۇھەببەت شەۋكىتى باھارى بار.

ئاڭلىغىن جان دوستلىرىم چېلىپ تۇرۇپ مەن جان بېرەي
بۇ دۇتتاردا مەن غېرىپنىڭ كەپىسى، مازارى بار.

1975-يىل ئوكتەبىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# دوستلۇق

"ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، ئارقىسى تىكەن"،
دۈشمەنمۇ ئالدىڭدا ماختايدۇ سېنى.
كەينىڭدىن يامانلاپ چېقىپ چاياندەك،
دوست ئەمەس يېمىگەن ئەلنىڭ غېمىنى.

زىياپەت، بەزمىدە ياكى سەيلىدە،
كىشىنىڭ دوستلۇغى سىنالماس ئەسلا.
سەن دىققەت قىلمىساڭ مىجەز-پەيلىگە،
قىلىدۇ ئۇ "دوستۇڭ" سېنى خوپ رەسۋا.

باشقا كۈن چۈشكەندە دوستلۇق سىنىلار،
كىم دۈشمەن ۋە كىم دوست شۇندا بىلىنەر.
دوست شۇكى،
كەينىڭدىن قىلماي غەيۋىتىڭ،
دۈشمىنىڭ كوزىدە سېنى ئەزىزلەر.

1976-يىل ئاۋغۇست، چەرچەن.

## غەزەللەر

### 1

مەيلىمە قويماي بۇ كۆڭلۈم شاخىنى شىلدىرلىتىپ،
ئەگدى جانان سۆيگۈنىڭ چىراغىنى پىنھان ئېسىپ.

غەم يىگەن قاخشال ۋۇجۇدۇمغا تۇتاشتى ياندى ئۇت،
پىژ ئېتىپ كۆيدى يۈرەگىم، يار دىدىم جاندىن كېچىپ.

ئىشتىياق تارتىپ ئۆزۈندىن سۆيگىنىم شۇ غۇنچىدۇر،
راھىتىم بولسۇن مىرادىم خاس بېغىمدا گۈل ئېچىپ.

ئەتىۋادۇر ھەممىدىن ئالدىمدا ۋەسلى-تۇتىيا،
تا ئۇمۇرۋات بەختىمە تاڭ چولپىنىدىن نۇر چېچىپ.

### 11

مىن سېنى سۆيمەس ئىدىم باغدا ئانارىڭ بولمىسا،
پارە-پارە باغرىمە ئاسقان كانارىڭ بولمىسا.

ئۆپرىغان تەن قەپىزىدە نىگە تۇرسۇن جان قۇش
گۈل ئېتەكنىڭ ئوزرە شىرمان، گىردە نانىڭ بولمىسا.

تۇرغىنىڭدا سەن كىيىپ كوينەكنى ئەتلەسى پۈزۈر،
ئالما تۇتمايتتىم ساڭا كەرەشمە نازىڭ بولمىسا.

سۇ ئىچىپ بۇلاقلىرىڭدىن يەلپۈنەر شوخ چاچلىرىڭ،
ئىشتىياق تارتماس ئىدىم جانغا ئارامىڭ بولمىسا.

قوش قانات ياساپ ئۇچامتىم سايرىبان بۇلبۇل كەبى،
مۇز تېغىڭ ئاستىدا خۇشبۇي لالىزارىڭ بولمىسا.

سايرىماي ئارمان شېخىدا خۇش تىلەكىم تورغىيى،
مەن تۇگەپ كېتەر ئىدىم دۇتتار، راۋابىڭ بولمىسا.

باق ماڭا جان مەشۇغۇم، كوڭلۈك ئېچىلماس بۇ زامان،
ناخشىچى ئەرك بۇلبۇلىدەك كۈيچى يارىڭ بولمىسا.

1975-يىل ئىيۇل — 1977-يىل ئاپرېل.

# قىزنىڭ زارى

(ئېلگىيە)

## 1

ئاھ! كۆزگى ياپراقتەك رەڭگى زەپىران،
قىز تۇرار ئوگزىدە ئۆيى ئىمىكىن؟
كوزىدىن ياش توكۇپ چېكىدۇ پىغان،
قانداق بىر كەچۈرمىش ئۇنىڭ سىرىكىن؟

تال ئۇخشاش قوللىرى تىترەپ تۇرىدۇ،
ياقۇت كوز ئۈزۈكنىڭ شولىسى يەردە.
چېچىنى كوكسىگە شامال ئۇرىدۇ.
ئېچىلدى يۈزىگە يېپىلغان پەردە.

قىز ئىدى شۇنچىلىك ئوماق ۋە گۈزەل،
نە ئۈچۈن قان يىغلاپ ئاھ ئۇرار ئىكەن؟
ئۇنىڭەندۇ قايسى بىر شورلۇق تۇپراقتا،
ئۇنىڭ گۈل باغرىغا سانچىلغان تىكەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىردىنلا بارمىغىنى چىشلەپ ئالدى قىز،
گويا گۇل ئېچىلدى، توكۇلدى، خالاس.
ئۇھ! ،ــ دىسە يۈرىگى قىلار ئىدى جىززز"،
ئۇ سويگەن ياردىن ئايرىلغانمۇ راس؟

قاچقانمۇ بەختىنى ئېلىپ بىگانە؟
نە ئۇچۇن سۇ چاچار كوزلىرىدە ئۇ؟
ئوكزىدە زار قاخشاپ تۇرار يىگانە،
ناللار قىلاتتى سوزلىرىدە ئۇ:

"ئانام، جىنىم ئانام،
مېھرىۋان دادام،
مەن هايات بولۇشنى ئىستەيتتىم، بىراق؛
بولۇپ توي خەۋىرى، ياشاشتىن تويدۇم،
ھىچ كوڭلۇم بولمىسا تېگىمەن قانداق؟

كىمگىدۇ، چۇشۇمگە كىرمىگەن ئەسلا،
تاپشۇرۇپ ئۇزەمنى مەن بولايمۇ خار؟
قانداقمۇ سويەي مەن بىگانە تۇرسا؟
ئۇزەمگە مۇناسىپ تېپىلماسمۇ يار؟

ئانا، ئويلانغىنا، قىز چاغلىرىڭنى،
كورىمەن ئويۇمدا بۇ ھالدا سېنى.

نىمىشقا ئۈنۈتتۈڭ، ھەيرانىمەن ئەجەپ.
بولدى، بەس، ئارتۇقچە قىينىما مېنى.
تىلەيمەن خار قىلما غۇنچە قىزىڭنى،
ئانا! باسالمايمەن قولچە ئىزىڭنى...»

2

قىز ئىككى قولىدا تۇتتى يۈزىنى،
تىترەپ-تىترەپ ئۇچتى مۈگدۈلۈق ئۈنى ھەم،
سەنتۈرۈلۈپ يانغا، ئاچتى كۆزىنى.
تۈگۈپ مۇشتۇمىنى تاشلىدى قەدەم.

«سوزۇم بار، سىزگە ئەي نامەلۇم يىگىت!
سىز بىلەن ھاياتىم بولامدۇ خاراپ؟
مەن سىزنى سويمەيمەن، كۈتمەڭ سىز ئۈمىت،
قويۇڭ ئوز ھالىمغا، بولىدۇ ساۋاپ.

مەيلى مەن ئەلچىگە رازىمۇ بولاي،
قالارمىز قاي ھالغا توينىڭ ئەتىسى؟
كوڭۈلسىز تۇرمۇشتىن مازار ياخشىراق،
كەلمەكتە بېشىمغا ئولۇم شەپىسى...

سىزگە چىن مەيلى بار قىزنى سۆيسىڭىز،
ئۇتىدۇ شاتلىقتا پۈتۈن ئۆمرىڭىز،
مەن كەبى كۆڭلى يوق قىزغا كۆيسىڭىز،
بىلىڭكى، جېنىمغا زامىن بولىسىز...»

مۇنچاقتەك تىزىلدى يېشى مەڭزىگە،
«ئاھ خۇدا، قۇتقازغىن مەن بىچارىنى...»
دەپ قويدى قولىنى نازۇك كۆكسىگە،
قاراپ ئۇ ئەتراپقا ئۆيلاپ چارىنى.

3

ھويلىنى سۈپۈرەر ئانىسى سوزلەپ:
«جېنىم سەن قىينالما، كەلدى گۈل بەختىڭ،
كېچەمسەن ئاندىن ئۆز مەيلىڭنى دەپ؟
ئۇ يىگىت قولىدا ئالتۇندىن تەختىڭ...»

كەتتى قىز ئەتراپى قاراڭغۇلىشىپ،
يۈزىگە باستى قىز سۇمبۇل چېچىنى.
«كېتىمەن جەننەتكە...» دىدى مۇڭلىنىپ،
كۆيدۈرۈپ ئوت كەبى ئەلەم ئىچىنى.

باق، ئاسمان قارايدى، توكتى شۇ دەم ياش،
"ئاھ!..." دىدى قىز پەسكە ئۇزىنى ئاتتى.
"گۇپ!..." قىلىپ چۆشكەندە ھويلىغا جانان،
كوك ئەتلەس كوڭلىكى قانغا بويالدى.

قىزنى زورلىغان ئاتا ھەم ئانا،
ياش توكتى يامغۇردەك، بولمىدى داۋا.
ئاھ ئۇردى جىنازا ئالدىدا يىغلاپ،
ئوتتى جان-جىگەردىن بۇ دەرتلىك ھازا.

پۇشايمان ئىچىدە يىگىت تولغىنىپ،
تەلمۇرۇپ قارىدى قىزىل يوپۇققا.
قوشاققا قېتىلدى بۇ رەھىمتى قىز،
قېيىندىن رەڭ بېرىپ تاڭدا ئۇپۇققا.

ئېيتقىن، ئەرك بۇلبۇلى، جاكالا ئەلگە:
بولسۇن قىز، يىگىتتە ھوقۇق، ئىختىيار.
بۇ قۇتلۇق دەۋراندا — ئەزىز ۋەتەندە،
خالاپ بىر بىرىنى بولسۇن بەختىيار.

1977-يىل نويابىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇھەببەت لىرىكىلىرى

## ۋاپادارغا قىل ھامان ۋاپا

ھوتمه توشۇك كوكرەك تېمىدا
كوڭلۇم گۇلدار ئالتۇن ئويۇقتۇر.
ئۇندىن ئارتۇق نازۇك، ئەتىۋا
ھېچنىمەرسە جاھاندا يوقتۇر.

تۇتتۇم ئاشۇ كوڭلۇمنى ساڭا،
مېھرىڭ بىلەن تولدۇر ئۇنى يار.
چۇل-چۇل قىلىپ قايتۇرۇپ ماڭا
يا ئاتامسەن، سەندە ئىختىيار.

مەن كوڭۇلسىز قىلىپ توكسەم ياش،
كۇلمە زىنھار، ئۇنۇتما بۇنى:
خۇش كوڭلۇڭگە بىراۋ ئېتىپ تاش
يىغلاپ قالما، ئويلىغىن شۇنى.

مەن ئايىغان كەبى كوڭلۈڭنى،
مېنىڭ مۇشتاق كوڭلۈمنى ئايا.
ۋاپاسىزنىڭ بەختى كەلمەيدۇ،
ۋاپادارغا قىل هامان ۋاپا.

## گۈل ئەۋەتتىم

يارىم ساڭا گۈل ئەۋەتتىم چىرايلىق،
كوڭلۈم بېغى سەيناسىدا ئېچىلغان.
مەندە بولسۇن گۈلدىن ئارتۇق نەبايلىق
ئاشۇ گۈلدەك هاياتىمغا قېتىلغان؟

قىزارغاندۇر رەڭ تۇزگەچكە هايادىن،
يارىشىدۇ قىسىپ ئالغىن چىكەڭگە.
خۇشپۇراقتۇر بوي ئالغاچقا ۋاپادىن،
چۈشۈرمەيدۇ ئاي يۈزۈڭگە كولەڭگە.

جۇشقۇن ياشلىق باهارىغا ئۇ گۈل خاس،
سولاشمايدۇ ئىسسىق يازدا ــ تومۇزدا.
سالقىن كۈزدە ياپراقلىرى سارغايماس،
هەم توزىماس، زىمىستاندا، قار ــ مۇزدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەتنى ئاچساڭ گۈل كورۇنمەس، ئىزلىمە،
ئەينەككە باق گۈلنى شۇندا كورىسەن.
جاۋابىڭدا ئەۋەتكەن گۈل يوق دىمە،
كوڭلۈم چۈشكەن ئەشۇ گۈلنىڭ ئوزىسەن.

1976-يىل ئوكتەبىر — 1978-يىل نويابىر.

## باھار ناخشىسى

جان ۋەتەن، كەلدى باھار كوكسۈڭنى نۇرغا تولدۇرۇپ،
گۈل-چېچەك چاچتى پۇراق شاخىدا بۇلبۇل قوندۇرۇپ.

ئۇيقۇدىن ئويغاندى چەكسىز تاغ-دالا، ئورمانلىرىڭ،
خوپ ئىسىل بوۈزغۇن ياساپ ئاقتى ئېقىنلار جوش ئۇرۇپ.

تۇرخۇنى ئاسمان پەلەك زاۋۇتلىرىڭ چالدى گۈدۈك،
چاقنىتىپ چولپاننى ھەم خورازنى تاڭدا ئويغۇتۇپ.

گۈكىرەپ چىقتى ئېتىزغا دان چېچىپ تومۇر ئوكۇز،
يەلپۈنۈپ كوتەردى باش كوك مايسىلار شامال ئۇرۇپ.

دى كوكلەم ئاسمىنىنىڭ قەرىدە پەرۋاز بوْگوْن،
ۋرىنىڭ توْلپارى ھاڭدىن كەڭرى يولغا بوْرۇلوْپ.

ي بىلەن كىشنەپ ئېتىڭ، مەرەپ قويۇڭ پاخلان بىلەن،
قتى كوك يايلاققا سەكرەپ ئوتىلرىڭغا بوي سوزوْپ.

رنا، غازلار سەپ بولۇپ، چەمبەر ياساپ يايدى قانات،
لدى مەخمەل قوْچىغىڭغا خوْش ھاۋا كوكنى قوْچوْپ.

لدى ھەم كاككوْك، توْموْچوْق ئىشتىياق تارتىپ ساڭا،
پەسىل سەندىن جوْدا بولغاچ چىدالماي ئاھ ئوْروْپ.

پوْنوْپ، شىلدىرلىشىپ ئېغاڭشىدى داۋۇ-دەرەخ،
چە قوْشلار سايرىدى شات، مەدھىيە-ئالقىش ئوقوْپ.

نىچوْن كوْيلەپ سېنى ئوْچماي كوكوْڭدە گوْل پوْراپ؟
تىلىم بولسا كېلەر ئاز يوْكسىلىشكە ئوْن قوشوْپ.

1979-يىل ماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# باغ دىسەم...

باغ دىسەم، باغى ئىرەم مەكتەپ ئىكەن چاچقان ئىپار،
دەستە-دەستە گۈل سۇنۇپ چېچەكلىنىپ تۇرغان باھار.

ئۆي دىسەم، خان قەسرىدىن نۇرلۇق ئىكەن بۇ دەرسخانا،
خۇش تەپەككۇر ئىلكىدە يۇلتۇز كۈلۈپ باققان قاتار.

كەلگۈسىنىڭ پەردىسىن قايرىپ شۇ ئان كوردۇم ئەنە،
قەھرىمان ئالىم، ئەدىپ، رەسسام، بىناكار-ئۇستىكار.

ئېيتىدۇ ئۇستاز: ئى گۈل ياپراقلىرىم، ئوتقاشلىرىم،
سىز ئانا ۋەتەن ئۈمىدى، سىزدە ئەل ئىمكان تاپار.

چەشمەدۇر دەرسلىك كىتاپ، يۇمران كوچەتلەر سۇ ئىچەر،
سۇ دىمە، ئابى ھايات — تامچە جىھنىڭغا جان قوشار.

بىلىمگەنىنىڭ ئۆمرى قىسقا، خارلىنىپ غەم يەپ تۈگەر،
بىلسە كىم ئۇلمەسكى مەخمۇت قەشقىرىدەك شان قۇچار.

يۈكسىلىپ يۇرتۇم-ئېلىم ئۇتسۇن جاھاننىڭ ئالدىغا،
ئۈگىنىڭ دەپ پارتىيە، ئاتا-ئانا پەرمان قىلار.

ئىزدىنىپ ئەلا ئوقۇ، ھىكمەت-بىلىم دىلنىڭ كوزى،
بىلمىگەن ئەما-نادان، بىلگەن ئۇلۇغ ئىنسان بولار.

ئەۋرىشىم ياشلىق چېغىڭ—گۈللەش چېغىڭ، ئورلەش چېغىڭ،
ئۈگىنىپ ياشلىقتا قال، بىلىم ساڭا جان ھەم مادار.

كۈن كورۇپ ھەيرەتتە قالسۇن، سەن ئوقۇپ ئاسمانغا چىق،
ئاي ۋە چولپان ھورمىتىڭگە باش ئېگىپ داستان سالار.

زەر جاۋاھىر كانى مەكتەپ، سەن ئۇچۇن ئى قىز-ئوغۇل،
ياشلىغىڭنىڭ قەدرىگە يەت، پەن-بىلىم ئالغان ئۇزار.

سەندەدۇر مېھرىم مېنىڭ، زېھنىم مېنىڭ، ئەي غۇنچىلار،
دەرس ئەمەس، بەرسەم جېنىمنى مەندە نە ئارمان قالار؟

1979-يىل ئوكتەبىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يېڭى يىل لىرىكىلىرى

ئاقىرىپ ئاتماقتا يېڭى يىل تېڭى،
جانانىم كوزىدە چاقنايدۇ چولپان.
دەرىزە ئالدىدا گۈلدار بوشۇكتە،
ياتىدۇ قارا كوز، شوخ بوۋاق ئوغلان.

سويەتتىم يارىمنىڭ غۇنچە لېۋىدىن،
"ئەللەي" دەپ ھەر نەپەس سۇرگەندە زۇۋان.
ئوغلۇمنىڭ توغاچتەك ئۇيۇل مەڭزىدە،
قوشۇلار لېۋىمىز ئوت بولۇپ شۇ ئان.

* * *

...مىلتىقنىڭ پاينىگى تەككەن بېلىمگە،
سوغ كىشەن ئۇرۇلغان پۇتلىرىمغا ھەم،
ياۋۇزلار كالتىگى يارغان بېشىمغا،
باغلاقتىن كوكەرگەن قوللىرىمغا ھەم؛

چۇشكەن شۇ يارىنى سىلاپ ساقايتقان،
يارىمنى مەن نىچۇن سويمەي بۇ تاڭدا؟

هاياتـقا ئەزىمەت بىر توھپە قوشقان،
دىلدارغا مەن نىچۇن كويمەي بۇ تاڭدا؟

* * *

شۇ ئەنسىز كۇنلەردە قىينالغاندا جان،
بالىمىز بولار دەپ ئويـلىغانمۇ بىز؟
بەند بولدۇم كىشەنگە، يار قالدى ئاھ دەپ،
ئۇچ كۇنگە توشماسـتىن بولۇپ تويىمىز...

* * *

سۇزۇلگەن چاغدا تاڭ، كەلسەم مەن يېنىپ،
گۇل تۇتۇپ چىقتى يار ئالدىمغا مېنىڭ.
مېھرىلىك سويدى ـ دە، توكـتى ئۇنچە ياش،
باش قويۇپ شۇ يارا باغرىمغا مېنىڭ.

شۇ قانماي سويۇشنىڭ قۇتلۇق مۇسى —
مولدۇرلەپ ياتىـدۇ ئەنە جان بوۋاق.
ئويماقتەك لېۋىدە سويگۇ شىرنىسى،
بارمىكىن جاھاندا بوۋاقـتىن ئوماق؟

قارايمەن ئوغلۇمغا،
قارا كوزىدىن
ئۇچقۇنلار مىسرالار چاقناپ نۇرلىنىپ.
سويىمەن يارىمنىڭ ئايدەك يۇزىدىن،
مۇھەببەت داستانى تۇرغان قۇرلىنىپ.

ئوغلۇمنى ئېمىتىپ بەرگەندە ماڭا،
ئالدىم-دە. سويدۇم مەن يارىمنى قانماي.
"مۇبارەك!" دەپ يېڭى يىل كىرىپ كەلدى،
نىچۇن بۇ بەختىمدىن گۇلدەستە سۇنماي!

1979-يىل دېكابىر.

## گۇل كوردۇم

ياندى كوك ئاسماننىڭ ئالتۇن چىراغى،
گۇزەل تۇن پەردىسى چېھرىدە چاقناپ.
زەر نۇرغا پۇركەندى قەدىم شەرق باغى،
قەلبىمدە...

دىلرابا مېھرىدە چاقناپ.

تەسەۋۋۇر سەھنىسىن ئاچتى تەپەككۇر،
گول كوردۇم چوللەردە، كوردۇم گۇلستان.
گۇل كوردۇم قوللاردا — چاچقان ئەلگە دۇر،
پۇركەندى گۇل بىلەن كەڭ تەكلى ماكان...

گۇل كوردۇم مەن يەنە قارلىق چوققىدا،
كوردۇمەن گۇلشەننى خەندان ۋە خەندان.

مەنمۇ گۈل كوتىرىپ كېلەتتىم يولدا،
يۈرەكـكە كۈچ، قۇۋۋەت، دەردىمگە دەرمان.

گۈل كوردۇم ئالدىمدا — يارىم قولىدا،
ئۇ ماڭا گۈل سۇنۇپ كېلەتتى خۇشخۇي.
ئۇچراشتۇق ئىككىمىز، مۇرات يولىدا،
قوشۇلۇپ گۈل گۈلگە تاردى خۇشبۇي...

* * *

يىللارنىڭ كەينىدە قالسا كىم ئەگەر،
تۇگەيدۇ قار-مۇزدىن تېيىلىپ ھاڭغا...
ئالدىغا ئۇتسە كىم قۇچار شان-زەپەر،
يىل ئاتلاپ گۈل سۇنۇپ ھەر كۇنى تاڭغا.

گۈل دىمەك تەر ۋە قان، گۈل دىمەك توھپە،
مېھنەتنىڭ مەھسۇلى — ھايات زىننىتى.
ماڭغىن گۈل كوتىرىپ يىللار ئالدىدا،
ئارقىدا قالغاننىڭ بولماس قىممىتى.

1979-يىل دېكابىر، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ياشلىقتا قالسام

ئەنە كوز ئالدىمدا ئاق چاچ كوئىنلۇن،
يىلسىرى مەغرۇر قەد كوتىرىپ تۇرار.
قىش كېلىپ ئاسماندىن ياقىقان چېچەكلەر،
ھەر نەپەس ئۇستىگە توكۇلۇپ تۇرار.

...

قارايمەن، نەزىرىم قارلىق چوققىدا،
شىلدىرلاپ قارىغاي مەيىن يەلپۇنگەن.
ھەر بەرگى ئېچىلغان ئاق ئەتىرگۇلدەك،
بۇ سۇمبات دەرەخقە قۇشمەن تەلپۇنگەن.

يېڭى يىل
تاقىقان ئاق مەرۋايىت جالا —
كوك قارىغاي شېخىغا قونىدۇم مەن بۇگۇن.
— ئورلىگىن يۇكسەككە، قالمىغىن ھاڭدا!
دەپ دىلدار ئويغىتىپ بەرگەن چاغدا ئۇن؛

قوندۇم مەن سەن يېتىپ كەلگەن بۇ تاڭدا،
مۇھەببەت-سويگۇدىن ياساپ گۇل قانات،

پۈتۈمنى سۈندۇرغان،
تومۇرۇم قىيغان
نەس روھىي كىشەندىن بولۇپ مەن ئازات.

ئېخ، نىچۈن قۇۋانماي جان نىسار ئەيلەپ،
يېڭى يىل، مەن سېنى شات كۈتۈپ ئالسام.
ئارمانىم خەلق، ۋەتەن بەختىنى كۈيلەپ،
شۇ گۈزەل قارىغايدا — ياشلىقتا قالسام.

1979 - يىل دېكابىر، قەشقەر.

## يۇر، بىللە ئۆتەيلى يىللار ئالدىغا...

"كۈنلەرنىڭ تېچقىنا ئۆتمىگى راھەت،
كۈپايە ھەرنىچۈن تاپسا جان ئارام..."
دىــدىڭــسەن كوڭــلۈمنى ياساپ شۇ سائەت،
يېڭى يىل ئاخشىمى سۈنۈپ ماڭا جام.

سوزۇلغان پېتىچە قالدى قوللىرىڭ،
لىغىلداپ توكۈلدى تامچە - تامچە مەي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىقىپ كەتكىنىمنى، دوستۇم، تۇيمىدىڭ،
شۇ ئارام جامدىن بىر يۇتۇم ئىچمەي.

سەن رەنجىپ قالغانسەن ئېھتىمال بۇ دەم،
مەن كەتتىم قار كېچىپ ئۇزغۇن قەدىمىم.
خەلق، ۋەتەن ئۇمىدى ئىشەنچىنى ھەم
قالماي ھىچ بۇ يولدىن ئاقلاش شەرىپىم.

مەن ئۇچۇن جان بېقىش نە بولسۇن ئەرمان؟
نومۇستۇر، سەن ياشا، ئۇلسەم مەن ئۇلەي.
پىدا جان،
پىدا جان،
ئەلگە پىدا جان!
مەي ئىچسەم مەرتلەرنىڭ قولىدىن ئىچەي.

سوقىدۇ دەقىقە ساناپ يۈرىگىم،
مىنۇتنىڭ قىممىتى باسقان ئىزىمدا،
ناخشامدىن جانلىنىپ ئۇتسە كۈن-تۈنۈم،
ئايلىنىپ داستانغا ئايلار ئېلىمدا.

تاپسا ئۇز قەدرىنى ھاياتىمدا يىل،
بەختىم شۇ،
ئىجادىم ماڭا نىجاتكار.

ئوت كىرپىك چولپاننى يار تۇتتى ئەقىل،
ۋەسلىمگە تاڭ قىزى بولغان ئىنتىزار.

ئىچمەن مارس، ئايدا ئانار شارابى،
يۇلتۇزلار بوي ئىگىپ دەيدۇ ئاپىرىن.
ياڭرايدۇ قولۇمدا قەشقەر راۋابى
ئويناپ شات مەرغۇلغا سويگۈم-نازىنىن.

* * *

جاسارەت جامدىن مەي ئىچىپ مەغرۇر،
يۇر، بىللە ئوتەيلى يىللار ئالدىغا.
يۇرتدىشىم،
دىلدارىم،
دوستۇم ئەمەستۇر
يۇكسىلىش دەۋرىدە موككەن دالدىغا.

1979-يىل دېكابىر، قەشقەر.

## قار ئۇچقۇنى قىشنىڭ چېچىگى

كەتمەيدۇ كوزۇمدىن گۇل ئاچقان باھار،
يازدىكى ئالتۇن رەڭ باشاق جىلۋىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆز تىزدى نەقىشلىك ئويۇقتا ئانار...
قىشنىڭ بار سوغاتتىن باشقا نېمىسى؟

دېسەنا نۇرلىنىپ كەلسە يېڭى يىل
سېلىپ ئاق پاياندار يوللار ئۈستىگە.
لەپىلدەپ ئاسماندىن قار يېغىپ شۇ تاپ،
گۈزەللىك قوشماقتا ۋەتەن ھۆسنىگە.

بولمىسا كىشىدە ئەلگە مۇھەببەت،
ئىسسىماس يالقۇنجاپ تۇرغان تومۇزدا.
مەن ياخشى كۆرىمەن چەتئەل يازىدىن
ۋەتىنىم قىشىنى چاقنىغان مۇزدا.

ياشساڭ خەلق-ۋەتەن ئىشقىدا ئەگەر،
ئۆتىسەن ھەر يىلى قىشنى قىلىپ ياز.
كى ماڭا زىمىستان كۆركەم كۆرۈنەر،
قار ئېرىپ، گۈل سۇنۇپ كەلگەچ ئەتىياز.

شېرىن تەم كىرىدۇ ئەنجۈر-ئانارغا
مۇز-قارنىڭ سۈيىدىن دولقۇنلاپ ئاققان.
شۇ قارنىڭ سۈيىدە كۆكەرگەن مايسا
ئەمەسمۇ ھاياتلىق تېنىگە دەرمان...

مەن نېچۈن چومۇلمەي ئىلھامغا شۇ ئان،
ئاقرىپ تۇرغاندا پامىر ئېتىگى؟
مەن ئۈچۈن گۈلگە تەڭ مەگزىمگە قونغان
يۇمشاق قار ئۇچقۇنى — قىشنىڭ چېچىگى.

1979 - يىل دېكابىر.

## كوچا سۈپۈرگۈچى قىز

سۇبھىدەم چولپان چاقناپ نۇر چېچىپ،
ساما يولىنى تازىلاپ يۇيار.
سۈپۈرۈپ تۇرغان كوركەم كوچىنى
گۈل جامال قىزغا قاراپ سوز ئاچار:

— ئېيتقىن، كەلمەمدۇ بۇ ئىش ساڭا ھار؟
ئەتىۋا، نازۇك كوڭلۈڭنى چېكىپ؟
ئايدەك يۈزۈڭگە قونۇپتۇ غۇبار،
ھارمامسەن يادەك بېلىڭنى ئېگىپ؟

تالماس قولىدا شۇاق سۈپۈرگە،
ئۇ قىز تەبەسسۇم قىلدى چولپانغا.

"بۇ ئىشنى سەن پەس، كوكۇلسىز دىمە،
پاك ھەم شەرەپلىك تۇيۇلار ماڭا.

چۈنكى بۇ يولدىن ئۆتەر زەبەردەست،
ئۆزۈن سەپەرگە ئاتلانغان كارۋان.
ئىزلار قالدۇرۇپ مېھنەت تەرىدىن،
ئوتىدۇ ئالىم، ئەدىپ، قەھرىمان...

شاتمەن توختىماي سۈپۈرۈپ ئۆزەم،
قوشۇپ گۈزەللىك ھوسنىگە تاڭنىڭ.
ئىپتىخار بىلەن قارايدۇ كوزۇم
كۆلۈپ ئىچىدە توپىنىڭ، چاڭنىڭ...

گۈزەل كەلگۈسى قۇچاق ئاچقاندا،
قىسىپ چىكەمگە بەخت گۈلىنى؛
يۈيىمەن سەندەك نۇر بىلەن شۇندا،
شەھرىم كوچىسى — خەلقىنىڭ يولىنى..."

* * *

سۇپۇرگەچ ئۇ قىز غۇبارنى - چاڭنى،
چولپاندىن گۈزەل كورۈنەر ماڭا،
بېزەيدۇ شۇ قىز ھەر سۇبھى - تاڭنى،
سوغا قىلدىم بۇ ناخشامنى ئاڭا.

1979 - يىل دېكابىر.

# ئوقۇغۇچىنىڭ ئارزۇسى

كىرىپ ئىشىكتىن شۇنچە خوشال مەغرۇرە:
— ئەلا ئوتتۇم ئىمتىھاندىن، — دىدى ئۇ.
خىيالىدا شۇ يۈكسەلگەن مەنزىرە،
جاۋاپ بېرەر ئۇستازىغا ھىلىمۇ.

دىدى ئانا قۇچاق ئېچىپ قىزىغا:
— ياخشى ئوقۇ، مەغرۇرلانما ھىچقاچان، —
قىز چاغلىرى كەلدى موماي ئېسىگە،
ياش ئەگىدى، كوزلىرىدىن شۇ ھامان.

— بالام ئوتكەن ئىدى مېنىڭ ياشلىغىم،
يۇندا توكۇپ، ئويناپ تەپكۇچ، تەشتەمەك...
ئىشتىپ سوزۇك، شۇڭا يىغلاپ تاشلىدىم،
بىلىمسىزنىڭ قەلبى گويا بىر خەمەك.

شۇڭا مېنىڭ ئالدىم دائىم قاراڭغۇ،
جىق ئىشلارنىڭ يىتىلمەيمەن تېگىگە.

شۈنى دەيدۇ ھەسرەت چېكىپ ئاتاڭمۇ،
بىلىم بىزگە بولماپتىكەن نېسىۋە.

ئوقۇ قىزىم، ئوقۇپ ئەلگە خىزمەت قىل،
ئوي ئايالى بولۇپ قالما مېنىڭدەك.
ھارماي ئۆگەن، ئۇستازىڭنى ئىززەت قىل،
ئويدىن چىقماي سۇنۇپ قالما مېنىڭدەك...

* * *

ئانىسىنىڭ سوزلىرىدىن مەغپىرە،
تەسىرلىنىپ ئويغا چوكتى، تۇردى دەس:
— توزدەك قانات يايغان يېڭى دەۋرگە
باقساڭ ئانا، پەيدا بولار مىڭ ھەۋەس...

دىدى بۇ قىز، داۋام قىلدى سوزىنى، —
— مەن ئوقۇيمەن كېچە-كۈندۈز زوق بىلەن.
ئىلىم ئاچار گودەكلەرنىڭ كوزىنى،
كورسىتىپ ئۇز كېلىچەكنى گۈللىگەن.

مەن ئوقۇيمەن، ئانا، سېنى ئېتىپ شات،
باشلاپ ھامال ئاتامنى ھور بوستانغا.
مەن ئوقۇيمەن، يەلكىلەردىن يۈكنى پات
يوتكەش ئۈچۈن ماشىنىغا-كىرانغا...
.........

ئوقۇپ، ئانا، بولۇپ ئالىم-ئىجاتكار،
توھپە قوشسام دەيمەن ئەزىز ۋەتەنگە.
بۇ ئارزۇيۇم-ئۈمۈتلىرىم گۈل ئاچار،
ئالى مەكتەپ قۇچىغىغا كىرگەندە.

ئاي-يۇلتۇزغا ئېلىپ چىقسام نىم بولار،
شۇ ئېچىلغان گۈلنى قىلىپ گۈلدەستە...
—جېنىم بالام ئوقۇپ، بولغىن بەختىيار، —
دېدى ئانا، —سەن يېتەرسەن تىلەككە.

قىز سوزىنى تىڭشاپ تۇرغان دالاندا،
كىرىپ كەلدى ئىشتىن يانغان دادىسى.
—كامال تاپقىن قىزىم يېڭى زاماندا، —
دېدى كۈلۈپ، پەرزەندىدىن سۆيۈنۈپ،
—ئوقۇپ نۇرلان جۇپ كوزۇمنىڭ قارىسى!...

شۇ ئارزۇدا ئوقۇماقتا مەغپىرە،
كوز ئالدىدا ئاشۇ گۈزەل مەنزىرە.

1980-يىل يانۋار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## شائىر خىتاۋى
### (باللادا)

ئانار گۈل ئالدىمدا — زۇمۇرەت يامدا،
يەلپۈنەر كوزنەكتىن ئۇرغاندا شامال.
يۈرىگىم سوقىدۇ مىسرادا - قۇردا،
«يىللارغا جاۋاپ»تىن ئىزدىنىپ شۇ ھال.

تىمتاس بۇ كېچىدە كوزۇم نۇرلىنار،
يالقۇنلۇق شېئرلار ھوسنىدە چاقناپ.
قەلبىمدە ۋەتەن - خەلق مېھرى ئۇلغىيار،
«خىيالچان تىلەك»نى مەن ئوقۇپ يادلاپ.

سورىسام تۇگۇلۇكتىن كوز تىكىپ ئايغا:
"قايدىسەن ئەي شائىر قاينام ئوركىشى؟"
"ئۇ — مېنىڭ قەلبىمدە ۋەتەنگە شەيدا..."
دىدى ئاي ياپراقتا توكۇپ كوز يېشى.

ئاي يەنە قايتىلاپ "ئوقۇغىن" — دەيدۇ،
ئوقۇيمەن تىڭشايدۇ جانانىم، ئوغلۇم.

ئۇقۇيمەن توپلامنى، ئاڭلايدۇ گۈلمۇ،
ئۇتلۇق ھىس-تۇيغۇغا چومۇلەر كوڭلۇم.

قويۇشقا ئەپلىك جاي تاپالماي ئۇ چاغ،
كومۇپ گۈل ئاستىغا ئاشۇ يامدىكى—
ساقلىغان بۇ كىتاپ كوڭلۇم سىردىشى،
يىرتىلىپ ئۇڭگەن بەت-ۋاراقلىرى داغ...

بۇ كىتاپ ياش ئۇسمۇر سەبى چېغىمدا
قوزغىغان ئىشتىياق شېئىر يېزىشقا؛
قان قوشۇپ قېنىمغا، دەرمان جېنىمغا
كەلسە ئۇ، ئۇقۇماي بۇگۈن نىمىشقا؟

مەن ئۇقۇپ ئولتۇرۇپ دەر ئىدىم: "كاشكى،
ئۇ شائىر ئەزىمەت بولسىچۇ ھازىر..."
كىمدۇر-ھە!؟
چەككەن ئۇ كوزنەكنى تاك-تاك!
بولدىكى ئاجايىپ بىر ۋەقە سادىر:

غايىپتىن ئىككى قول كەلدى مەن تامان،
بىلمىدىن تۇتۇپ دەس كوتەردى ھەيھات!
ھاڭ قېتىپ، تەلمۇرۇپ قالدى يار-جانان،
قۇچاقلاپ ئوغلۇمنى—ئۇچۇما قانات..

دەم ئۆتمەي ئۆزۈمنى كوردۇم ئاسماندا،
ئۇت كىرپىك پەرىلەر مەرىكە تۈزگەن.
قارسام تۇۋەنگە — ئانا ماكانغا،
كورۇندى چاھار باغ — بىر گۈزەل گۈلشەن.

ئۇندا گۈل ئارىلاپ چېھرى نۇرلىنىپ،
گۈلدەستە تۈزەتتى ناخشا ئېيتىپ قىز.
ئاھ! يۈرەك باغرىمغا ئىشقى ئورنىدى!
دېدىمەن: "يار ماڭا سىز قول سۇنسىڭىز..."

دەل شۇ ئان ھەيدەپ تېز ئالتۇن مەپىنى،
ئالدىمدىن كوك شاھى ئوتتى تاراقلاپ.
ۋال-ۋۇل ئوت چاقنىتىپ ئۇرغان قامچىسى،
تەگدى ئاي باغرىغا — تۇرغان نېزىقاپ.

تاراملاپ ياشلىرى چۈشتى ئۇچامغا،
مەن ئاستا پەسلىدىم تۈن يېرىم چېغى.
ئۇ قوللار ئاۋايلاپ تۇتۇپ شۇ تاپتا،
چىمەنگاھ ئۈستىگە چۈشۈردى مېنى.

كوز سالسام رەڭمۇ-رەڭ نەقىش چېكىلگەن
بىر قەۋرە تۇراتتى يان-يېنى گۈلزار.

ئۈستىگە قىپ-قىزىل تۇغلار تىكلىگەن،
قارىغان كىشىدە بىر تىلەك قوزغار.

كىم ئىكەن ياتقان بۇ ھەيۋەت قەۋرىدە،
كۈنۈ-تۈن گۈل پۇراپ باغى ئېرەمدىن؟
بۇ يەرگە كۆمۈلگەن قايسى دەۋرىدە؟
دەپ سوئال بېرەتتىم ئۆزۈمگە تەمكىن.

ئوت چىقتى، گۈرۈلدەپ يېرىلدى قەۋرە،
قوپتى دەس ئورنىدىن بىر يىگىت شۇ ئان.
لەرزىگە كېلىپ جان-تېنىم شۇ يەردە،
باستى زور قىياندەك مېنى ھاياجان.

لام دىمەي سۈكۈتتا تۇردۇم سۇر بېسىپ،
تونۇدۇم بۇ ئىدى "قاينام ئۇركىشى".
تۇراتتى كوكسىدىن ئوقچۇپ قان ئېقىپ،
تۇراتتى يەلپۈنۈپ ئاقارغان چېچى.

قول سۇنۇپ دىدى ئۇ: "بەختىڭ بۇ زامان،
مەن شۇڭا كەلتۇردۇم سېنى ئالدىمغا.
ياز! مۇگدەپ قالمىغىن، بولما دەرگۇمان،
قارا، بۇ قان ئۇرغۇپ تۇرغان باغرىمغا...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ مۇدھىش ئۇتمۇشتە زالىم-ستەمكار،
ئاتقان ئوق، سالغان ئىز — ئىلھام بولغى.
تىز پۈكمەي ۋەتەن دەپ قىلغاچ جان نىسار،
ئىجادىم ئومرۇمنىڭ بولدى ئۇتۇغى.

ھەي شۇ چاغ زەرەپشان، ئىلى، تارىمغا
ئاققان كوز ياشلىرىم قوشۇلۇپ كەتكەن.
لىق توشۇپ لوپنۇرمۇ ئاھۇ-زارىمغا،
يەر ئاسمان-پەلەك چىك تۇتۇشۇپ كەتكەن.

توكۇلگەن قېنىمدىن پامىر باغرىدا،
سۇ ئىچتى قارىغايلار، گۇللەر ئالدى رەڭ.
قىزاردى ئۇپۇقنىڭ يۈزى لالىدەك،
بوۋاقلار يۈزىدە پەيدا بولدى مەڭ...

خىيالچان تىلەكتىن ياساپ گاك قانات،
يىللارنىڭ ئالدىغا ئۇزۇپ ئوتتۇم مەن.
'خەلق-ۋەتەن ئەلا' دەپ قالدىم مەن ھايات،
سوتسىيالىزىمنى كورۇپ كۇلدۇم مەن...

كىم كۇتكەن؟
ئۇشتۇمتۇت بۇزۇپ قەۋرەمنى،

كوكسۇمنى چاقىقاندا 'توت چايان' ئۇ چاغ.
سىنىگمۇ ئۇستۇڭگە يىقىلدى، باستى،
دەرت ـ ئەلەم ھەم جاپا بولۇپ خۇددى تاغ.

كويدۇردى «ناۋايى»، «مەشرەپ»نى نادان،
نىم شىھىت كەبى چىن شائىرنى خورلاپ.
تەپەككۇر باغلىرى قىلىندى ۋەيران،
ئۆرتىلىپ تەسەۋۋۇر بوستانى كىتاپ...

ئاخىرى مەلئۇنلار ئۆزى كولىغان
قاراڭغۇ ئورىغا چۈشتى بىر يولى.
باق، نۇسرەت قۇچماقتا زەبەردەس كارۋان،
ئاستىدا دەۋرانىنىڭ ئۇچقۇر دۇلدۇلى.

نىمشقا ھىسلىرىڭ قوزغىماس ياشناپ،
كوك ـ يېشىل مايسىلار ياسىغان ئوركەش؟
نىمشقا زوقىڭنى كەلتۇرمەس، چاقناپ
مەرۋايىت داۋاندەك دوۋە ـ دوۋە چەش؟

قار ـ مۇزلۇق كوئىنلۇن ئۇستىدە پوستا
تۇرغان ئۇ قەيسەرگە گۇلدەستە ئۇزات.

ئېسىلغان يۇلتۇزغا ئۆيدە ـ تورۇسقا،
نۇر بەرگەن ئىشچىنى سەن كۆيلىگىن شات.

ياز، ئەلا ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگەن
تىرىشچان ئوسمۇرنىڭ ئىقبالىنى ياز؛
مۇڭلىق پەن ـ بىلىم باغىدا باغۋەن —
سۆيۈملۈك ئۇستازنىڭ ئارمانىنى ياز.

ياز، ئۇزغۇن قەدەملىك چارچىماس، تالماس
قەھرىمان ئوغۇل ـ قىز ماھارىتىنى.
ياز، ھامان ئىزدىنىپ ھارماس، ئۇخلىماس،
ئىجاتكار دانانىڭ كارامىتىنى.

ياز، ئاقچاچ ئانىلار بەختىنى يازغىن،
مويسىپىت ئاتىلار ئارامىنى ياز.
سەككاكى، نىزارى تۈگىتەلمىگەن
غەزەللەر تومىنىڭ داۋامىنى ياز.

ياز! ئادەم سۈرەتلىك، خۇي ـ پەيلى شەيتان
زىيانكەش ئەبلەخلەر قەستىنى ھەم ياز!
ئارىنى بۇزغان شۇم نىجىس، كاساپەت
ئالدامچى، مۇناپىق، ئەسكىنى ھەم ياز!

ياز! ئورته، بىرىلگەن شوھرەت-ئاتاقنى،
نائىنساپ تاماخور تاپاۋەتچىنى.
رەسۋا قىل ئىناقلىق-ئىتچىلىقنى ھامان
خالىماس بەدنىيەت ئاداۋەتچىنى.

ئىبرەت قىل، ئوتمۇشتىن ساۋاق ئالمىغان
تۇزكورلار نىقاۋىن يىرتىپ ھەر نەپەس:
ۋەتەن-خەلق غىمىنى يىمەي ئالجىغان
ئاسىنىڭ ئۈزارغان تىلىنى سەن كەس.

تاشلىسۇن قەلەمنى ئەلنى سويمىگەن
تەخسىچى، قارا دىل خوشامەتچىلەر.
سوتلانسۇن جان ئاياپ جاپا كورمىگەن
ياۋۇز قان ئوغرىسى— جىنايەتچىلەر!...

بۇ ھايات كان ئىرۇر، قازساڭ زەر تولا،
بۇندىكى جاۋاھىر ئالامچە يوقتۇر.
سىغمايدۇ بىر ئەمەس، مىليون دىۋانغا،
ساڭا ھەر قەدەمدە ئۇچرايدۇ مىڭ قۇر.

يىزىلغان ئويچان كوز چاناقلىرىغا،
ھەر ئوينىڭ ئىشىگىگە يىزىقلىق داستان،

يېزىلغان ئالمىنىڭ ياپراقلىرىغا —
يەلپۈنۈپ بېشىڭغا سايە تاشلىغان.

ئالمايسەن نىمىشقا بۇنىڭدىن ئىلھام؟
يېزىشقا ئۈلگۈرمەي قالدىڭمۇ مەگدەپ؟
كوكتە ئاي،
كولدە ئاي...
ئايدەك ھەممە ياق،
ئەنە، تۈن پەرىسى كەلدى مەي تەگلەپ.

ئال ئىلھام جامىنى ئىچكىن شاتلىنىپ،
ياز، ئەزىز يارىڭنىڭ ۋاپاسىنى ياز.
زىنداندا سەن ياتقان چاغلار يادلىنىپ،
تارتقان دەرت-ئەلىمى، جاپاسىنى ياز.

مۇھەببەت شائىرنىڭ ئىلھام بۇلىغى،
مۇھەببەت ناخشىدۇر ئەلگە تارالغان.
مۇھەببەت كوكۇلدۇر سويگۇ ئوچىغى،
ئىنسانىنى ئىسسىتىپ جۇلالاپ تۇرغان.

كۇيلىگىن شۇ ئۇتلۇق مۇھەببەت بىلەن،
كۇيلىگىن بۇ ئۇلۇغ دەۋرانىنى كۇيلە!



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىللارنىڭ ئالدىدا قوشاق قېتىپ ماڭ!
توھپىسىز ئۆمۈرنى سەن ئۆمرۈم دېمە!

ۋەتىنىم-خەلقىم دەپ باشلىغىن ناخشا،
بېغىشلاپ ئۆمرۈڭنى، كەلتۈر شان-شەرەپ!...»
خوش ئېيتىپ بىر قەلەم بەردى لۇتپۇللا،
ئالدىم مەن قولۇمغا، «ياشنا ۋەتەن» دەپ.

بولدى ئۇ قەھرىمان كوزۇمدىن غايىپ،
قەۋرىسى دەرمەھەل كەلدى ئەسلىگە.
ئۇ قوللار ئويۇمگە كەلتۈردى مېنى،
يەتتىم مەن جانانىڭ گۈزەل ۋەسلىگە.

«ياز، كۈيلە!» دەپ سادا قىلغان ئۇنۇمدىن،
ئەندىكىپ ئويغانسام تۇغۇپتۇ چولپان.
شائىرنىڭ ئوبرازى كەتمەي كوزۇمدىن،
ئاڭلىنىپ تۇراتتى خىتاۋى لەرزان.

جىسمىمنى كويدۇرۇپ لاۋۇلداپ ئىلھام،
يولىنىپ شىرەگە ئولتۇرۇپتىمەن.
بوشاپتۇ مەي بىلەن تولغان كۈمۈش جام،
نەچچە ئاق ۋاراقنى تولدۇرۇپتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

"قىز" بولۇپ كورۇنگەن قارىسام كوكتىن،
مەھبۇبەم ئىكەن ئۇ يېنىمدا تۇرار.
توكۇلەر شېئىرلار ئاھۇ كوزىدىن،
ئوغلۇمۇ بىر توپلام سۇنۇپ ئولتۇرار.
...

يەلپۈنەر ئانارگۇل زۇمۇرەت يامدا،
سوقىدۇ غۇنچىدا مېنىڭ يۈرىگىم.
سوقىدۇ جانلىنىپ مىسرادا - قۇردا،
سىياغا قوشۇلغان ئوتلۇق تىلىگىم...

قەلبىمدە ئالامچە سويگۇ - ئىپتىخار،
تىنىچ يات ئەي شائىر، ئۇستاز، ئىجاتكار.
مەن قىلىپ بىر ئومۇر تەپەككۇر - پىكىر،
يازىمەن ئىزىڭنى بېسىپ چىن شېئىر.

1980 - يىل يانۋار.

## چولپان سورايدۇ...

—نىم شېھىت سۇرىتىگە قاراپ

ھەر كۈنى چولپان سېنى سورايدۇ،
تۇڭلۇكتىن ئۇچاق تۈۋىگە قاراپ:
—قېنى ئۇ بوۋاڭ؟—دەيدۇ، يىغلايدۇ،
بېرەي ئۇنىڭغا نىمە دەپ جاۋاپ؟!

...شېئىر يازاتتىڭ شىلدىرلاپ تۇرغان
ئانار شېخىغا ئويچان كوز تىكىپ.
لەرزان ناخشا ئېيتىپ ئويغىنىپ چولپان،
بېرەتتى سالام ياقۇت نۇر چېچىپ.

ئوتلۇق تەپەككۇر، گۈزەل تەسەۋۋۇر،
ئىلكىدە سېنى كورەتتى چولپان.
تاشقا گۈل چەككەن ئاشىق، مەرت، غەيۇر،
پەرھاتنى كورۇپ كويەتتى چولپان.

چولپان ئاي بىلەن نەچچە بار ئاشۇ
يورۇق كۈڭگۈرنى قالغان تالىشىپ.

ئوقۇغان ئىدى داستان-نەزمەڭنى،
تۇگۈلۈك، كوزنەكتىن ئۇلار مارىشىپ.

نىمىشقا بۇگۈن ئاشۇ خىيالچان
تەۋەرۈك قەددىڭ كورۇنمەس ئاگا؟
بولاتتى مەپتۇن نۇرلۇق يۇلتۇزلار،
سەن دۇئا قىلىپ تۇرغاندا ماگا.

قايدا سەن؟ چولپان سىنى سورايدۇ،
قىيا ئىچقلىق كوزنەكتىن قاراپ.
قولۇڭدا قەلەم، كوز سىلىپ باققا،
تۇرغان قامىتىڭ كورۇنمەس شۇ تاپ.

سەن ئويدە يوققۇ؟ نەگە كەتتىڭ سەن،
يەلپۈنۈپ مەيىن ئاتقان چاغدا تاڭ؟
توسۇپ ئالغانمۇ، بەستىڭنى ۋە يا
پىشايۋاندىكى يېشىل گۈل-باراڭ؟

سىنى ئىزلەيدۇ ئۇرۇمچىدىن، ئاھ!
كورۇنمەس قەددىڭ غەزەلدىن پۈتكەن.
ئىزلەيدۇ ئەزىز قەشقەردىن سىنى،
يوشۇرغانمىدۇ ھىيتگاھدا گۈلشەن؟

سېنى ئىزلەيدۇ ئاتۇش ـ خوتەندە،
بەقەسەم شايى تونلار ئىچىدىن.
سېنى ئىزلەيدۇ ئاقسۇ ـ يەكەندىن
مەشرەپ قىزىغان ئايدىڭ كېچىدىن.

سېنى ئىزلەيدۇ يەلپۈنۈپ تۇرغان
ئالما تۇۋىدىن ئىلى بويىدا.
سېنى ئىزلەيدۇ شەرۋەتى ئاقـقان
نەشپۈت بېغىدىن ـــ چىمەن كورلىـدا.

گۈل پۈراپ چولپان ئىزلەيدۇ سېنى
بەرقۇت كەڭ سايدا ياپراقتا چاقناپ.
ناخشا ئېيتىشنى بۇلبۇل ئاھ ئۇرۇپ
ئۆگەنگەن دەيدۇ شائىرنى دوراپ.

دۇنياغا مەشھۇر مىڭ ئۇي ئىچىدىن
ئۇيما رەسىمدە يالتىراپ ئىزلەر.
تۇرپاندا داڭدار مۇنار ئالدىدىن
مەيدە، ئۈزۈمدە پاقىراپ ئىزلەر.

كەتكەنىمدۇ دەپ ئىزلەيدۇ سېنى،
ئىزلەيدۇ بومباي ھەم كاراچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سېنى ئىزلەيدۇ تاپالماي ھەتــتا،
مەككە، مەدىنە تاۋاپ جايىدىن...

چولپان ئايلىنىپ كېلىپ يۇرتۇڭغا،
ساغىنىپ ئېتەككە ياشلىرى ئاقتى.
ئىنتىزار بولۇپ دىدارىڭغا ئۇ،
تۈڭلۈكتىن تىمتاس ئۆيۈڭگە باقتى.

مورىسى ئەگمە ئوچاقتا ئوت يوق،
گۈلدار ئويۇقتا لىق كىتاب تۇرار.
تۇرار بىرچەتتە چوگۈن، پىيالە،
چىراق ئۆچۈپتۇ...سەنسىز كىم ياقار؟

—بوۋاڭ قايدا!؟ —دەپ چولپان سورايدۇ،
سايرام كۆكىدە مۇڭلىنىپ يىغلاپ.
ئېيتىشقا مېنىڭ كۆڭلۈم قويمايدۇ،
تۇرالمىدىم مەن ھىجرىڭگە چىداپ.

...نىم شېھىت ئىدى، شېھىت بولدى راست،
ياۋۇز قولىدا بولۇپ كوكسى قان.
مۇدھىش زۇلۇمدىن تاپالماي خالاس،
تارتىشىپ تاڭغا كۆيلەپ بەردى جان.

تاراملاپ ئاقفان ياشلىرى ئۇنىڭ
دەريا-كوللەرگە قوشۇلۇپ كەتتى...
ئانار، ئالمىنىڭ يىلتىزلىرىغا
قان تومۇرلىرى تۇتىشىپ كەتتى...

شائىر بوۋامنى سەن يوقـقۇ دىمە!
ئۇن ئىككى مۇقام كۈيلىرىدە بار.
يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ناۋايى مىھمان،
ئەھلى ئىلمنىڭ ئۆيلىرىدە بار.

قارىدا بار ئۇ راۋاپ، دۇتتارنىڭ
ناغرىدا ئۇ بار، ھېيتتا چېلىنغان.
باغرىدا بار ئۇ قارا كوز يارنىڭ،
ئاغزىدا ئۇ بار دوستىنىڭ قەدىردان.

ئۇزۇن سەپەردە قۇچقان شان-شەرەپ،
زەبەردەس كارۋان ئالدىدا ئۇ بار.
كەلتۈرگەن بۈگۈن ئەلگە شەرەپ-شان،
ئالىم قەھرىمان ئالدىدا ئۇ بار.

گۈللەر ئېچىلار باھاردا، تاگدا،
ئۇنىڭ ئەشئارىنى ئوقۇپ شۇئىرلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر مەنبەسى

توختىماي غەزەل ئېيتىدۇ يازدا،
ئالتۇن باشاقلار ئىچىدە يايراپ.

سەن كورەي دىسەڭ، قارا، ئەي چولپان،
قايتا يالقۇنلاپ سوققان يۈرەككە.
ياتىدۇ ئارام ئېلىپ مۇشۇ ئان،
يوگۇلۇپ يۈكسەك غايە، تىلەككە...

ناخشا ئېيتىدۇ قىلىپ ئۇ سەيلى،
سېغىنىپ تۇرغان كوكۇل بېغىدا.
داستان يازىدۇ، ئۇ ئىچىپ مەينى،
قايتىپ ئەزىمەت ياشلىق چېغىغا...

قايدىسەن؟
چولپان سېنى سورايدۇ،
مۇڭ باسقان جىمجىت ئويۇڭگە قاراپ.
— ۋەتەنگە توھپە قوشقان ئىجاتكار
قەلبىدە بار، — دەپ بېرىمەن جاۋاپ.

1980 - يىل فېۋرال.

## ئانا

ئاي تۇگۈلۈكتىن توكەر كۈمۈش نۇر،
ئانا ئويغاق، بوشۇك تەۋرىتەر.
قولاق سېلىپ مۈگۈلۈق ئەللەيگە،
كوز ئوينىتىپ بوۋاق ئەركىلەر.

گاھى ئىڭراپ تىپچەكلەپ يەنە،
شوراپ لېۋىن كېتەر تېلىقىپ،
كۈندۈز ـ تۈنمۇ ئانا يادىدىن
چىقار شۇ چاغ بالا ئېمىتىپ...

ئاق سۈت تېمىپ تۇرغان باغرىدىن
پاختا يۇمشاق، كۈن ئىسسىق ئەمەس.
شۇ ئانىغا قىلسا كىم ئۇۋال،
قالار داغدا بىر كۈن بېسىپ نەس.

شۇ ئانىنى قىلسا كىم رىزا،
پەرزەندىدىن يامانلىق كورمەس.

شۇ ئانىغا قىلغان جان پىدا،
ئوغۇل-قىزنىڭ ئىزلىرى ئۆچمەس.

1980-يىل فېۋرال.

## كوك چوچۇرىسى

مانتۇ يەي دەپ كىرسەم ئويۇمگە،
ئېتىپ قويۇپتۇ كوك چوچۇرىسى.
غورىسى تولا چوچۇرىسىدىن،
"سېزىك مەن" دىدى كۆلۈپ ئانىسى.

"كۆندە ئەت" دىدىم،... كورۇندى ئوماق
ئۇچقۇر دەۋرنىڭ ئوزغۇن بالىسى...
كوزنەكتىن باقسام تارتىپ ئىشتىياق،
ياپ-يېشىل ئىدى ۋەتەن دالىسى.
ئارزۇيۇم: كوكتە پولات قۇش بىلەن
ئۇچقان يىگىتنىڭ بولسام ئاتىسى...

1980-يىل ئاپرېل.

# توي
## (مۇخەممەس)

توي ئىشى ــ ئۇمۇر ئىشى، كەيپى ـ ساپا، ئىشرەت ئەمەس،
ئاخشىمى خوشلۇق دىدار ھەم ئەتىسى ھىجرەت ئەمەس،
زىننىتى ۋاپا ئۇنىڭ چاش تەڭگىسى ـ زىننەت ئەمەس،
يارىشىغى "ئاللالا زوق ـ زوق..." پۇل ئەمەس، مىننەت ئەمەس،
ئەر ـ خوتۇن ھاياتىدا بەخت شۇدۇر، قىسمەت ئەمەس.

يوق دەرەخ يىلتىزلىماس، ئادەممۇ يوق تويسىز ئۆتەر،
ھەر ئوغۇل ـ قىز بەلكى شۇنداق تويغا بوي تارتىپ ئۆسەر،
بىر بىرىنىڭ كوڭلىگە مىھرى چۈشەر ـ ئىشقى چۈشەر،
بولغۇسى خۇش توي كۈنىنى ئىشتىياق باغلاپ كۈتەر،
توي ــ ھاياتلىق شەۋكىتى، بىل، ھىچقاچان كۈلپەت ئەمەس.

شۇمبۇيا ئوخشاش ئۈنۈپ كوكلەپ ئاجايىپ يات يوسۇن،
چورگىملەيدۇ توي دىسە ھەر ھويلىدا تەتۈر قويۇن،
نە قويۇن بولسۇنكى ئۇ ماجرا ـ جىدەل، غەيرى ئويۇن،
تۆزمىگەي، ئىشنى بۇزار پالان ـ پوكۇن تولغاپ بويۇن،
بۇ پەقەت بۇزغۇنچىلىق، ئامەت ئەمەس، سۆلكەت ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زومۇ-زو بولماقتا ھەيھات، "مەسلىھەت چېيى" دىگەن،
لىپمۇ-لىق مەزە توشۇپ، دۇمبە جىگەر، بال-قەن بىلەن،
داستىخان ئۈستىگە پاتماي تۇرسا پەتنۇس ھەم لىگەن،
"مېھمىنىم يەتمىش ئاران، تارتقان غىزايىڭ كەم" دىگەن،
بۇ يوسۇن قانداق يوسۇن؟ زۇلۇم ئىرور، راھەت ئەمەس.

تويمۇ ئۆتتى غەيرى شۇنداق، قالدى ھەمدە ئىككى ئىش:
دەبدەبە، ھەشەم بىلەن "قىز ئاپپىرىش، چىللاق قىلىش"،
ھىچ ئۇياتماي قولتۇغىغا نان بىلەن گىزەك تىقىش،
قاخشىتىپ شۇنچە يەنە يالماپ يۇتۇش ھەم يەپ قېچىش،
بۇ ئۇزى ئالدامچىلىقتۇر، پەرز ئەمەس، سۈننەت ئەمەس.

بۇ كەبى تۈزكور يوسۇنلار يوق ئىدى ھىچ ئەسلىدە،
بولدى پەيدا قۇترىغان شۇم "4 زىياندىاش" دەۋرىدە،
كەتتى ئەدەپ چوكچىلىق، ئىسراپچىلىق شۇ پەسلىدە،
يەتمىسۇن دەپ قىز-يىگىتنى بىر بىرىنىڭ ۋەسلىگە،
بۇ نىيەت ئەڭ شۇم نىيەتتۇر، ياخشى بىر نىيەت ئەمەس.

تېچ، ئىناق تۇرمۇش قۇرۇش ئەۋزەل، دىدى ئەقلىم مېنىڭ،
قەلبى گۇل سويگۇم بىلەن شات توي قىلىش بەختىم مېنىڭ،
بىر ئۇمۇر يار ئالدىدا ھايا، ۋاپا ئەھدىم مېنىڭ،

خەلق ـ ۋەتەنگە مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىم تەقدىم مېنىڭ،
شۇ ئۇلۇغ ئىش شانۇ ـ شوھرەت، ھېچ ھەشەم ھاجەت ئەمەس!

1980 ـ يىل ئاپرېل.

## كۈيلە، تـارىم

باغ ئارا كورگەندە يار چاچقان ئىپار گۈلشەننى مەن،
ئاپىرىن ئېيتماي ئىچۈن بۇلبۇللىرىڭ كۈلگەندە مەن.

گۈل ـ چېچەك تولغان تارىمنىڭ قىرغىنىنى بويلىدىم،
ئىشتىياقىم قولۋىغى دولقۇن يېرىپ ئۈزگەندە مەن.

كەلدى كوز ئالدىمغا دەھشەت ئوتمۇشۇڭ جان قاخشىغان،
سەنگۇ ياش توككەن شۇ دەريا چومۇلۇپ ئوتكەندە مەن.

جۇت ـ شۇۋىرغان ئىلكىدە بولغان خازان ساھىللىرىڭ،
ئاھ!...دىدىم توت يالماۋۇز بوغۇپ ئۇنۇڭ ئوچكەندە مەن.

قالدى قاخشال جاڭگىلىڭدا مەڭگۇ ئالتۇن ياشلىغىم،
بىگۇنا مۇدھىش توزاقتا باغلىنىپ چۈشكەندە مەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قەلبى گۈل، نامى ئەزىز، ئەلگە پىداكار ياخشىغا،
دوست ئىدىم، سىرداش ئىدىم قۇملۇقتا تەر توككەندە مەن.

ئۆتلىنىپ بولغان ئىدىم يۈلغۈن شېخىــدا بىر كاۋاپ،
ھەر قۇرى گوھەرگە تەڭ دىۋانلىرىڭ كويگەندە مەن.

قايدا "قاينام ئوركىشى"، بىلال ئەزىزى، نىم شېھىت؟
دەر ئىدىم مازارىنى ئىزلەپ كېزىپ يۈرگەندە مەن.

ئوتتى يىل... دىدار كورۈشتۇق بوستىنىڭدا جىلۋىگەر،
سۇندى گۈل دەستە ماڭا قۇچاق ئېچىپ كۆتكەندە مەن.

قايتىدىن تولدى تىيانشان باغرىغا ياڭراق ئۈنۈڭ،
زوقلىنىپ قەشقەر دىدى: قىلغىن ناۋا، پەيۋەندە مەن.

خوش مۇبارەك نەۋ باھارىڭ كوكلىگەن ئۈز بىخ ئۈرۈپ،
جاڭ ئۈرۈپ قەلبىم سوقار تاپقىن كامال دىگەندە مەن.

ھەر شېخىڭدا بىر ئومۇر ئېيتسام نە بولغاي ياخشىنى!
مەن ئەمەس تەن قەپىزىدە، گۈلدىمەن، چېچەكتىمەن.

كۈيلە تارىم خەلق-ۋەتەن ساڭا يولەك، دەۋران گۈزەل،
يۈكسىلىشىنىڭ قاينىمدا گاڭ بىلەك تۈرگەندە مەن.

سۇ ئىچىپ ياشنار سېنىڭدىن باغ بولۇپ تەكلىماكان،
مەۋج ئۇرۇپ كۈيلە، لېۋەن يار مەڭزىگە سۈيگەندە مەن.

ئۇچرىشىپ دوستلار بىلەن بولماس نېچۈن شات بۇلبۇلى؟
زور ئېقىنىنىڭ يەلكىنىدە بىرگە سەپ تۈزگەندە مەن.

1980 - يىل ئاپرېل.

## ياشلىق

تەبىەت زىننىتى كوركى — نەۋ باھار،
ئۆمۈرنىڭ خۇش گۈزەل باھارى ياشلىق.
"ئۇھ" دېمەي تۈن بىلەن كۈننى ئۇلىغان،
ئىنسانىنىڭ مۇنەۋۋەر ناھارى ياشلىق.

يورۇتقان سۇبھىنى ئاي-چولپان ئەمەس،
ياشلىقنىڭ كۆزىدۇر ئۇياتچان، ئويچان.
ئۇ كۆرسە، ئۆگەنسە نۇر چاچار چاقناپ،
يۇمسا كۆز چىنلىقتا كور بولار شۇ ئان.

ئېگىلمەي تاغنى دەس يۇلۇپ ئالار كۈچ،
ياشلىقنىڭ كۈچىدۇر دوستلۇق-ئىناقلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەلبى گۈل، نامى ئەزىز، ئەلگە پىداكار ياخشىغا،
دوست ئىدىم، سىرداش ئىدىم قۇملۇقتا تەر توككەندە مەن.

ئۈتلىنىپ بولغان ئىدىم يۇلغۇن شېخىدا بىر كاۋاپ،
ھەر قۇرى گوھەرگە تەڭ دىۋانلىرىڭ كويگەندە مەن.

قايدا "قاينام ئۇركىشى"، بىلال ئەزىزى، نىم شىبھىت؟
دەر ئىدىم مازارىنى ئىزلەپ كېزىپ يۈرگەندە مەن.

ئۆتتى يىل... دىدار كورۇشتۇق بوستىنىڭدا جىلۋىگەر،
سۇندى گۈل دەستە ماڭا قۇچاق ئېچىپ كۈتكەندە مەن.

قايتىدىن تولدى تىيانشان باغرىغا ياڭراق ئۈنۈڭ،
زوقلىنىپ قەشقەر دىدى: قىلغىن ناۋا، پەيۋەندە مەن.

خوش مۇبارەك نەۋ باھارىڭ كوكلىگەن ئۈز بىخ ئۈرۈپ،
جاڭ ئۈرۈپ قەلبىم سوقار تاپقىن كامال دىگەندە مەن.

ھەر شېخىڭدا بىر ئۈمۈر ئېيتسام نە بولغاي ياخشىنى!
مەن ئەمەس تەن قەپىزدە، گۈلدىمەن، چېچەكتىمەن.

•

كۈيلە تارىم خەلق-ۋەتەن ساڭا يولەك، دەۋران گۈزەل،
يۈكسىلىشىڭ قايىنىمدا گاڭ بىلەك تۈرگەندە مەن.

سۇ ئىچىپ ياشنار سىنىڭدىن باغ بولۇپ تەكلىماكان،
مەۋج ئۇرۇپ كۈيلە، لىۋەن يار مەڭزىگە سويگەندە مەن.

ئۇچرىشىپ دوستلار بىلەن بولماس نىچۈن شات بۇلبۇلى؟
زور ئېقىننىڭ يەلكىنىدە بىرگە سەپ تۈزگەندە مەن.

1980-يىل ئاپرېل.

## ياشلىق

تەبىەت زىننىتى كوركى — نەۋ باھار،
ئومرۈنىڭ خوش گۈزەل باھارى ياشلىق.
"ئۇھ" دىمەي تۈن بىلەن كۈننى ئۇلىغان،
ئىنسانىنىڭ مۇنەۋۋەر ناھارى ياشلىق.

يورۇتقان سۇبھنى ئاي-چولپان ئەمەس،
ياشلىقنىڭ كوزىدۇر ئۇياتچان، ئويچان.
ئۇ كورسە، ئۇگەنسە نۇر چاچار چاقناپ،
يۇمسا كوز چىنلىققا كور بولار شۇ ئان.

ئېگىلمەي تاغنى دەس يۇلۇپ ئالار كۈچ،
ياشلىقنىڭ كۈچىدۇر دوستلۇق-ئىناقلىق.

ياشلىقتا بىلىمدىن قانات ياساپ ئۇچ،
يۇپيتېرمۇ سەن ئۈچۈن قىلماس يىراقلىق.

"قايتماس مەرت سوزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن"
ياشلىقنىڭ لەۋزىدۇر ئالغا ئىنتىلگەن.
ئوتقا كىر، سۇدا ئۈز، كەينىڭگە يانما!
نامەرتتۇر جاپادىن قورققان، چېكىنگەن.

قىلغان بۇ جانىجان ھاياتنى شېرىن،
ياشلىقنىڭ مېھرىدۇر يالقۇنجاپ تۇرغان،
(ئوچمىدى، ئوچمەيدۇ زىبا نەقىشلەر —
ئۇ پەرھاد مىڭ ئويگە — تاش تامغا ئويغان...)

ئەزىز يۇرت — ۋەتەنگە دائىم پىداكار —
ياشلىقنىڭ قەھرىدۇر قىلغان ياۋنى گۇم.
بۇ گۈزەل دەۋراندا ياشلىق بەختىيار،
توت يۈكسەك چوققىغا تۇغ قادار چوقۇم.

ياشلىقنىڭ قەدىمى توختىماس - ھارماس،
مۇز داۋان، تىك ياردىن يامىشىپ ئاشار.
بولدۇق بىز شۇ بۈگۈن زەبەردەس كارۋان،
ياشلىقنىڭ غەيرىتى پەلەكتىن ئاشار.

ياشلىقنىڭ دۈشمىنى — قورقۇش، قانائەت،
ئۇلۇمنى يېڭىدۇ جاپانى يەڭگەن.
نوزۇگۇم، لوتۇنىنىڭ نامى ئۇچمەيدۇ،
ئۇلارنىڭ شەۋكىتى چېلىشتىن كەلگەن.

ياشلىقنىڭ غەزىنىسى بىلىمدۇر، پەندۇر،
ئۇنىڭدىن ئايرىلغان ياشلىق قۇتاتماس.
ياشلىقنىڭ شەرىپى-شانى ۋەتەندۇر،
جان تىكىپ ۋەتەنگە ياشاش بۇ مىراس.

ياشلىقنىڭ زىننىتى-ھوسنىدۇر ئەخلاق،
ياشلىقنى خار ئېتەر بىنومۇس ھەر ئان.
ھاڭغا دوم يىقىلار "مەن" دىگەن ئەخمەق،
بولمىسا جىسمىدە گەر ھايا، ۋىجدان.

ياشلىقنىڭ چىراغى ئۈمىت-غايىدۇر،
غايىسىز ياش گويا دەرەختۇر قاخشال.
كوڭۈل ھور ياشلىقنىڭ گۈل سارايىدۇر،
پاتماس تار كوڭۇلگە بەخت-ئىستىقبال...

گۈل سۇنۇپ ھەر يىلى كېلىدۇ كوكلەم،
ئۆتسە گەر ياشلىغىڭ كەلمەيدۇ يېنىپ.

تېگىدۇ پۇشماندىن بېشىڭغا چوماق،
سەن ئۇنى مەنىسىز ئۇتـكۇزسەڭ ئېزىپ.

ئەلگە نەپ بەرمىگەن ياشلىقتىن كەچـكىن،
ھەر ۋاقىت خەلق بىلەن بولغىن ھەمنەپەس.
ئۇچمەس ئىز قالدۇرماي مېھنەت تەرىدىن،
يۇز يىلنى ئۇتكۇزۇش ياشىغان ئەمەس.

1980 - يىل ئاپرېل.

## كوڭۇل

كوڭۇل بىللۇر راۋاقتۇركىم ئۇنىڭدەك ئاشىيان بولماس،
بۇ دۇنيادا كوڭۇلدەك ئەتىۋا ھور خاندان بولـماس.

ئۇ ھىممەت كوكىدە چاقناپ تۇرار ئالدىدا تاغمۇ پەس،
يامان سوزدىن ئۇنى ساقلار ھايادەك پاسىبان بولماس.

ھاياتلىق شەۋكىتى ۋىجدان ئۇنىڭغا شەمئى مەشئەلدۇر،
كېچە-كۇندۇزى يوق ئۇنـداق گۇزەل ماھى تابان بولـماس

ھەۋەس دەرىزىسى ئۇزرە نومۇس پەردىسى يەلپۈنمىش،
ئۇنى يىرتقان قارا دىلنىڭ يۈزى كەتكەي، ئامان بولماس.

سىغار ئاسمان-زېمىنغا پاتمىغان مۈڭ-زار يەنە شاتلىق،
ۋە لېكىن چوڭچىلىق سىغماس بۇ يەگىلىغ ئۈز ماكان بولماس.

كوڭۇلنى تار ئېتەر نادان، ھەسەتخور، پىتنىخور كەززاپ،
بۇلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشكەن زەھەر تىللىق چايان بولماس.

جېنىدىن قانچىلار كەچتى ئاياپ غەمخانە كوڭۇلنى،
كوڭۇل ئەينىگى چېقىلسا كىشكىم شادىمان بولماس.

*　　*　　*

بىلىڭ دوستلار، مۇھەببەتتۇر كوڭۇل شەھرىگە شاھ-سۇلتان،
ئەقلنى قىلمىسا ئۇ تاج بولار شەيتان، جانان بولماس.

قۇرۇلمىشتۇر ئۇنىڭ ئۇلى نىيەتتىن پاك زۇمۇرەتتىن،
نىيەت خالىس، نىيەت توغرا ئىكەن ئەلدە گۇمان بولماس.

مۇھەببەت خەلق، ۋەتەن ئىشقى، ۋەتەندەك كاتتا يار يوقتۇر،
ۋەتەن-يۇرتقا پىداكاردىن ئۇتەر چىن قەھرىمان بولماس.

*　　*　　*

بىلىمسىزنىڭ قارا كوڭلى زىمىستان-جۇت يىغا باسقان،
ئىلىم-ھېكمەتنى دوست تۇتقان كوڭۇل باغى خازان بولماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساقايغاي ئاغرىغى باشنىڭ، كوڭۇل ئاغرىغى جان ئالار...
كوڭۇلنىڭ سۇنمىغىدەك دەرت ـ ئەلەملىك ئاھ ـ پىغان بولماس.

كوڭۇلنى، دوستلىرىم، ناخۇش تۇتۇشنى بۇندا كىم ئىستەر؟
دىسەم بار بۇ كەبى ئادەم، سوزۇم ھەر جايدا نان بولماس.

كوڭۇلسىزلىك بەختسىزلىك، كوڭۇللۇك ئوت، كوڭۇلنى ئۇت
كوزى پىل ـ پىل قىلىپ تۇرغان كوڭۇلسىز تەندە جان بولماس.

شۇ دەم ئازادە كوڭۇلدە ئورۇن ئالغان تۇمەن ئارزۇ،
بۇيۇك توت چوققىغا چىقماق كەبى ئەلا نىشان بولماس.

كىشىنىڭ كوڭلىنى ئالسام بۇ يولدا جان پىدا ئەيلەپ،
مۇرادىم شۇ، ماڭا بۇندىن بولەك بەخت ھامان بولماس.

1980 ـ يىل ماي.

## ئانا مېھرى

شىرىلداپ دالىغا ئاقىدۇ بۇلاق،
سۇ ئىچىپ ياشنايدۇ خۇش ھاۋا بوستان.

شۇ بۇلاق سۈيىدەك ئانا مېھرىمۇ،
ئانىنىڭ مېھرىگە قانامدۇ ئىنسان!

شۇ ئانا مېھرىدىن كەچكەن يالچماس،
بولسا گەر ئۇ ئالىم ھەتتاكى سۇلتان.
شۇ ئانا قەدرىگە يەتكەن ئېزىلمەس،
ئۈستىگە يىقىلسا تاغ بىلەن ئاسمان.

1980 - يىل ماي.

## سۇ

سەكرات ئۈستىدە ياتقان بىتاپىمۇ
بىر يۇتۇم سۇ ئوتلاپ ئاندىن جان بېرەر.
يىقىلغان يولۇچى چول - دەشتتە چاڭقاپ،
بىر يۇتۇم سۇ ئىچسە شۇ ئان جان كىرەر.

سۇ بىلەن دان بولار ھەم ساغلام ھاۋا،
ئىنساننىڭ ھاياتى ئۈنىڭغا مۇشتاق.
سۇ بولۇپ گەر بىلىم بولمىسا ھەر چاغ،
ئىنسانلار تۇرمۇشى تاپمايدۇ روناق.

1980 - يىل ماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىلىغا مەكتۇپ

سالام! ئەي مەيلىمنى تارتقان ئۈز دىيار،
مەن سېنى سويىمەن، مەن ساڭا خۇشتار.
ھىجرىڭدە ئورتەنگەن كوڭلۇمنى، دىلدار،
مەھلىيا ئەيلىگەن غۇلجا شەھرىڭ بار.

تەلپۈنەر ئۇچۇما بولغان قۇش كەبى،
ۋۇجۇدۇم ياشنىغان گۈل ئىتەكىگە.
چىرمىشىپ ئالاتتىم بولسام كېپىنەك،
باراڭغا ياماشقان كوك پىلەكىگە...

ئاقىدۇ سۇغۇرۇپ مۇنبەت يېرىڭنى،
شاش ئىلى دەرياسى داۋالغۇپ ھەيۋەت.
دولقۇنلاپ مەرۋايىت چاچار قىرغاققا،
ئوركەشلەر مەۋجىدىن ياساپ زۇمۇرەت.

قەھرىمان بوۋىلار ئۈزگەن غۇلاچلاپ،
شۇ تاشقىن قايىنامغا چومۇلگۇم كېلەر.

رىزۋانگۈل جان پىدا قىلىپ ئاسرىغان،
رەڭگا ـ رەڭ گۈل ئېچىرە كومۇلگۈم كېلەر.

كاشكى ئۇ جان ھەدەم نوزۇگۇم موككەن—
بوستانغا ئايلانغان قومۇشلۇق ئارا،
نە بولغاي بىر يۈرۈپ تەرسەم بولجۇرگەن،
مادارسىز تېنىمگە مەن قىلىپ داۋا...

* * *

كوزنەكتىن كىشگە غىل ـ پال كورۇنگەن،
نازىنىن مەگزىدەك قىزىل ئالماگىنى.
شېخىدىن ئۈزۈپ ۋاھ، يىگۈم كېلىدۇ،
سېغىنىپ شۇ ئايدىڭ كېچىنى، تاگىنى...

* * *

مەن نىچۈن سويۇنمەي مەشرەپكە بارسام،
نازىمى داستانى ئۇقۇلغان ئويگە؟
مەن نىچۈن قوشۇلماي روزاخۇن ئاكام
چالغاندا تەمبۇرنى مۇقامغا ـ كۈيگە؟

مەن نىچۈن ئاڭلىماي ئېپتىخار بىلەن،
مەرت بوۋام سادىرنىڭ قوشاقلىرىنى.
«خان لەيلۇك» ناخشىسى ياڭرىسا لەرزان،
ئۇرغۇتۇپ سويگۈنىڭ بۇلاقلىرىنى.

غۇرۇرۇڭ، شەۋكىتىڭ "قاينام ئۇركەشى"،
بەرسە شۇ سورۇندا «يىللارغا جاۋاپ».
مەن قانداق چىدايمەن، شەنىڭگە ئەشئار
يازماستىن مۇشۇ ئان سېنى ئۇلۇغلاپ؟

*　*　*

ئەي ئىلى! نىمىشقا خالىسۇن كوڭلۇم،
ئۇتمۇشتىن هال ئېيتىپ ھەسرەت چېكىشنى؟
ئالغاندا قايغۇنىڭ ئورنىنى شاتلىق.
گۇلباھار شامىلى سۇرۇپ جۇت-قىشنى.

زەبەردەس كارۋانسەن ئۇزۇن سەپەردە،
شىجائەت، غەيرىتىڭ پەلەكتىن ئاشقان.
بۇ يېڭى دەۋرانغا قوشماقتا توھپە،
شان-شەرەپ قازانغان خەلقىڭ قەھرىمان.

سەن قايتا ياشنىدىڭ، ياشنايسەن يەنە،
ئۇركەشلەپ ئەزىمەت ئىلى دەرياسى.
يىلنىڭ توت پەسلىدە چاچتى خۇشپۇراق،
ئېچىلىپ باغرىڭدا گۇلنىڭ رەناسى.

*　*　*

قەدىمىم مۇزاتقا يېتىپ بارغاندا،
هارما دەپ يەلپۇنسە خان يايلىغى شات؛

گۈل پۇراپ كەڭ سايدىن كېتىپ بارغاندا،
شاخ-شاختا بۇلبۇللار سايرىسا ھەيھات!

مەن مۇرات تاپاتتىم ۋەسلىڭگە يېتىپ،
تەلكىنىڭ باغرىدا سۈت-قىمىز ئىچىپ.
ئانارنىڭ شېخىدىن مەن كوچەت تىكىپ،
جان دىسەڭ، جېنىمنى شۇ ھامان بېرىپ.

*　　　*　　　*

جانىجان، سويۇملۇك ئەي گۈلشەن ۋادا،
گۈزەلسەن تەرىپىڭ ئالەمگە سىغماس.
يازارمەن ئالمىنىڭ ياپراقلىرىغا
شائىرلىق ئەجرىمدىن قالدۇرۇپ مىراس.

قەشقەردىن مەن سالام ئېلىپ كېلىمەن،
قەدىردان يۇرتىنىڭ قىز-ئوغلانلىرىغا.
ئاي-كۈنگە بەختىڭنى سوزلەپ بېرىمەن،
مال بېقىپ ئىلقىنىڭ ئوتلاقلىرىدا.

قارىڭدەك ئاقارغان بولسىمۇ بېشىم،
ئالماڭدەك چېچەكلەپ كوڭلۇم تېخى ياش.
مول ئالتۇن باشىغىڭ پۇتمەس مادارىم،
جان رىشتەم ھەر گىيا، توپاڭغا تۇتاش...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سالامىم تۈگمەس...
نىتەي تۈگەتتىم،
يازارمەن مەن يەنە ئۇنىڭ ئاخىرىنى،
كوڭلۇمنى گۈل كەشتە قىلىپ ئەۋەتتىم،
جاۋابىن يوللىغىن گۈزەل نازىنىن!

1980-يىل ئىيۇن.

## قەشقەر

قەشقەر، قەشقەر، ئانىجان قەشقەر،
ئەزىزانە ئاشىيان قەشقەر.
تەگدىشى يوق شادىيان قەشقەر،
قەشقەر، قەشقەر جانىجان قەشقەر.

ئورتا شەرقنىڭ ئوتلۇق يۈرىگى،
مەرىپەتنىڭ ئالتۇن بوشۇگى،
سەن-سەن يىپەك يولى-كوۋرۇگى،
ئىلىم-ھىكمەت قايىنىغان قەشقەر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەلىمى سەندە،
مەخمۇدىلىنىڭ قەدىمى سەندە،

گۈمانىمنىڭ غەم-ئەلىمى سەندە،
ئالەمشۇمۇل كۈي-دىۋان قەشقەر.

ئوغۇز، چىڭگىز چىقارغان ساۋات
يېزىق بىلەن قىلغان سەن ئىجات،
ئۇ سەن ئۈچۈن تالماس قوش قانات،
ئۇچمەس شانىڭ ھېچقاچان قەشقەر.

گۈزەل ھېيتگاھ مۇنارى كوركەم،
ئاپپاق خوجا مازارى كوركەم،
خەلقىنىڭ ئاۋات بازارى كوركەم،
ھەممە ئەلگە يارىغان قەشقەر.

سەندە دۇتتار، راۋاپ جاراڭلار،
ناۋايىنىڭ غەزىلى ياڭرار،
خۇشتار خەلقىڭ مۇقامنى ئاڭلار،
ناخشا ئېيتىپ ھارمىغان قەشقەر.

سەندە شەرقنىڭ زىبا سەنىمى،
سەندە راۋان غېرىپ قەدىمى،
سەن-سەن ئاشىق-مەشۇق ۋەتىنى،
مۇھەببەتلىك مەرت، قىران قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

"گاھى دۇتتار بىلەن ئۇسۇلدۇر،
گاھى خۇدا بىلەن رۇسۇلدۇر."
ئىقبال-بەختىڭ ياش قىز-ئوغۇلدۇر،
ئويناپ-كۈلۈپ يايرىغان قەشقەر.

ھەر يىلى قوش ھېيتىڭ مۇبارەك،
سەيلى قىلار پەيتىڭ مۇبارەك،
سەممى خوش مەيلىڭ مۇبارەك،
ناغرا-سۇناي ياڭرىغان قەشقەر.

سەلتەنەتلىك ئەنئەنەڭ داڭلىق،
ئالقىش-سادا تەنتەنەڭ داڭلىق،
توي-مەرىكە، دەبدەبەڭ داڭلىق،
مېھرى ئىللىق، قەدىردان قەشقەر.

ئۆرۈك، ئۈجمە، شاپتۇل، ئانارىڭ،
بېھى، ئالما، ئامۇت، گىلاسىڭ،
جىگدە، چىلان، بادام، ياڭاغىڭ،
داڭقى ھەر يان تارىغان قەشقەر.

قوغۇن، تاۋۇز، چونەك-چونەكتە،
كاۋا، قاپاق يېشىل پىلەكتە،

شىرىن ئۇزۇم شىپا يۇرەككە،...
مېۋىسى بال باغبان قەشقەر.

قارا ئۇتمۇش سېنى خارلىغان،
خەلقىڭ كۇلپەت چېكىپ زارلىغان،
گۇل باغرىڭنى دۇشمەن ئارلىغان
چاغدا بولدۇڭ زەپىران، قەشقەر.

نوزۇگۇمنىڭ روھى، جۇرئىتى،
ئىپارخاننىڭ نامى، ھورمىتى،
سەندىن كەتمەس مىللەت شوھرىتى،
سەن ئەزەلدىن قەھرىمان قەشقەر.

ھالىدىن كېتىپ دەرمانغا تەشنا،
بىر گۇزەل ھور دەۋرانغا تەشنا،
بولۇپ ئادىل پەرمانغا تەشنا،
ئۇز يولىدىن تايمىغان قەشقەر.

پارلاپ كۇتكەن ئازاتلىق تېڭى،
ساڭا كوركەم تۇس كىردى يېڭى،
كۇندىن-كۇنگە ئۇستى خەلق ئېڭى،
كومپارتىيە ئاسرىغان قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

يىللار ئۇتۇپ چىقتى توت ھۇقۇش،
بولدى پەيدا گالدىن غىق بوغۇش،
ئەيلىدىك غەم شارابىنى نۇش،
تولدى دەرتكە داستىخان، قەشقەر.

يەمىز ياغ، گوش بەرمىدى قويۇك،
يەتمەي ئاشقا سوزغان جۇپ قولۇك،
گويا يادەك ئېگىلدى بويۇك،
بولدۇك قۇرۇق ئۇستىخان، قەشقەر.

كويدۇرۇلدى شەۋكىتىك-شانىك،
زەردىن ئىسىل تارىخ-دىۋانىك،
توزىدى گۇلدەك پىكىر-خىيالىك،
كېچىپ جاندىن نالىغان قەشقەر.

ئۇتۇپ بۇ جۇت كەلدىك ئەسلىگە،
يەتتىك يەنە يارىك ۋەسلىگە،
ئۇلاشتىگسەن باھار پەسلىگە،
بۇلبۇل بولۇپ سايرىغان قەشقەر.

سەن ئەزىز سەن، خەلقىك بەك ئەزىز،
قەدرىك ئەزىز، قەلبىك بەك ئەزىز،

بۇ دەۋرانغا كەلدىڭ بەك ئەزىز،
بولغىن ئەزىز ھەرقاچان قەشقەر.

سەن بىلىمدىن قانات ياساپ ئۇچ،
توت پەللىگە ئورلە، يۇلتۇز قۇچ،
كەلسە ئەگەر قىيىنچىلىق دۇچ،
سەن يېڭىش تاپ قەھرىمان قەشقەر.

تەندە ئەمەس، جانىم سەندەدۇر،
سەندە مېھرىم، كوزۇڭ مەندەدۇر،
مەڭگۇ ساڭا زېھنىم بەندەدۇر،
سادىغاڭمەن، مېھرىۋان قەشقەر.

تۇغۇلدۇم مەن سېنى دەپ ئانا،
جان بېرىمەن سېنى دەپ يانا،
مېنى سادىق ئوغلۇم دەپ سانا،
جېنىمغا جان بول ھامان، قەشقەر.

ئاتام خەلقتۇر، ئانامدۇر ۋەتەن،
ۋەتەن ئوزرە سەن گۇزەل گۇلشەن،
بىر كوچەتمەن كوكسۇڭدە ئوسكەن،
بولسام دەيمەن باراخسان، قەشقەر.

ساڭا مەنسۇپ توھپەم ئىجادىم،
سەندە غېمىم، پىكىر ـ خىيالىم،
ئىپتىخارىم، شەرىپىم ـ شانىم،
بەختىمگە بول شات ـ ئامان، قەشقەر.

1980 ـ يىل ئىيۇن.

## چوچەك

بۇ چوچەك لاي ـ ساپال چوچەك ئەمەس، يار،
چاڭ ـ توپا، دات بېسىپ قالغان بۇلۇڭدا.
بۇ چوچەك زۇمۇرەت، ئىچىدە سۈت بار،
تۇرىدۇ گۈل چەككەن ئالتۇن ئويۇقتا.

بۇ چوچەك داستاندۇر، ئەپسانە ئەمەس،
ئارماندا ئۆنى بىر ئىشتمگەن ئادەم.
بۇ چوچەك گۈلباغدۇر، ۋەيرانە ئەمەس،
دەرماندا، سەيلىگە كەلمىگەن ھاتەم.

بۇ چوچەك بۇلبۇللار شەھرىدۇر — گۈلشەن،
يەلپۈنەر تېغىدا ئاق قېيىن، قارىغاي.

بۇ چوچەك ھوسنىگە شەيدادۇر قۇياش،
رەشك ئۇتى كويدۇرۇپ باقار تۇندە ئاي.

ياپ-يېشىل كىمخاپتەك خوش ھاۋا يايلاق،
مەرىشىپ قوي-قوزا يايرايدۇ ئۇندا.
تاغدىن-تاغ سەكرىشىپ ئات، قۇلۇن، تايلاق،
چوكۇپ گۈل ئىچىگە يايلايدۇ شۇندا.

بال ئاققان دەريانىڭ بويىدا مەكتەپ،
مەخمۇدىل قەشقىرى ئۇندا دەرس ئوتەر.
ئەزىمەت يىگىتلەر بىلەن بولۇپ سەپ،
نازىنىن جۇۋان قىز جىرلاپ سويۇنەر.

ئاڭلىدىم ئەي چوچەك يېڭى دەۋراندا،
ياشناپسەن شۇ كەبى باھارنىڭ گۈللەپ.
تاس قالدىڭ چېقىلىپ كەتكىلى ئۇ چاغ،
تالىشىپ توت ھۇقۇش ئەلگە بەرمەي نەپ.

ئۇلار كوز ئالايتىپ يامان نىيەتتە،
گۇم بولدى ئىزلىرى...
تولدۇڭ سۇت بىلەن.

مەن ئىچىپ قانارمەن ئەيلەپ جان پىدا،
سەن ۋەتەن كوكسىدە، يۈرىگىمدە سەن.

1980 ـ يىل ئىيۇن.

## ۋەتەن — بەختىم

زەر، ياقۇت، جاۋاھىر، دوۋە ـ دوۋە پۇل
ئەمەسمۇ مەن ئۈچۈن سائادەت، راھەت؟
يالىڭاچ دۇنياغا كوز ئاچقان ئوغۇل
دىمەيدۇ ئىرىشكەن بايلىقنى ئامەت.

بەختىم نە تىك ئۇچار ئايرۇپىلاندا،
نە لوم ـ لوم ئورۇندۇق ئۈستىدە بولسۇن؟
خەلققە نەپ يەتكۈزمەي، كويۈنۈپ جانىغا،
ئىپتىقنىا قانداقمۇ بۇ كوڭلۇم تولسۇن؟

بەلكىم مەن بىر گۈزەل نازىنىن بىلەن،
بىرگە شات ياشاشنى ئىستەرمەن ھامان.
يىمەي ئەل غىمىنى، كوڭلىنى دىگەن
يارىمدىن كىچەرمەن، دوستتىن ھەرقاچان.

بايلىغىم، راھىتىم، جانانىم ۋەتەن،
ئۇنىڭغا بارلىغىم، جان-تېنىم تەقدىم.
ئىشقىدا بىر ئۆمۈر ئۆچمەي كويەرمەن،
تەسەددۇق قان-تېرىم، ئىدرىكىم-ئەقلىم.

يادىمدا ئۇ ئېغىر، ئازاپلىق كۈنلەر،
ۋەتەننى گۈللىتىش بولغان چوڭ گۇنا.
ۋەتەن دەپ ياراتقان شانلىق توھپىلەر،
ئورتىنىپ كۈل بولغان...يازسام گەپ تولا.

ئۇ چاغلار ھەركىمنى بېسىپ ۋەھىمە،
ئۈمىتسىز خىياللار كوپ قورقۇنچ سالغان.
باللار ئاتىسىز قاراڭغۇ ئۆيدە،
بىر پارچە نانغا زار بولۇپ قىينالغان...

چېقىلدى قاتمۇ-قات زەنجىر-كىشەنلەر،
تاپتى ئەل نىجاتلىق، تاپتى سائادەت.
توكۇلگەن قانلاردىن ئۈندى چېچەكلەر،
زۇلۇمنىڭ ئورنىنى باستى شاراپەت.

دەيمەنكى دوستلىرىم ئالغا ئىنتىلمەي،
كەينىگە داجىغان پۈتۈم ئۈزۈلسۈن.

راھەتنى كورمىگەن مۇشەققەت ئىچرە،
پالىلداپ تۇرغان قوش كوزۇم ئويۇلسۇن.

نە كىرەك ۋەتەن دەپ سوقمىغان يۈرەك؟
ئەلگە نەپ يەتكۈزمەي ياشاش نە ھاجەت؟
زەر دىگەن ئاققان تەر شاقىراپ سۇدەك،
مۇشكۇلنى، جاپانى يىڭىشتۇر راھەت.

ۋەتەن دەپ جان پىدا قىلغان كىشىگە،
تۇتىمەن گۇلدەستە ئاققان تەرىمدىن.
بەختىم شۇ تەر توكۇپ تا ئومۇر بويى،
خەلق ئۇچۇن مول ھوسۇل ئالسام يىرىمدىن.

ئاق قەغەز — ئىپتىزىم، روھىي ئوزۇقىنىڭ،
خوش پۇراق گۇللىرى ئوسەر ئۇستىدە.
بەختىم شۇ جان تىكىپ قىلىپ مەن ئىجات
تەر توكۇپ ياشىسام ۋەتەن كوكسىدە.

1980-يىل ئىيۇل.

## قايدا ئۇ باغ؟

ھەيۋەتلىك، گۈزەل، ئەلۋەك خۇش دىيار،
گويا جەننەتتەك پۈرايدۇ ئىپار.

قاپلىغان يەرنى غۇنچە گۈل بولۇپ،
تۇرار دولقۇنلاپ تامچە كول بولۇپ.

بۇ چول ئەمەسكى خۇش گۈلۈستاندۇر،
ناۋاسى ياڭراق بۇلبۇلىستاندۇر.

بۇلبۇل بىلەن بەس قىلار تۇمۇچۇق،
سايراپ كوك تورغاي ئىيتىدۇ قۇللۇق.

قونۇپ شاتۇتى تىرەك شىخىغا،
دوراپ كاككۇكنى تىگەر چىشىغا.

سۇلىرى شەرۋەت، تاشلىرى ياقۇت،
تۇپراق ئۇستىدە ئانار ۋە ئامۇت.

ئەنجۈر شېخىدا لەزىزمەن، دەيدۇ،
بېھى تەن ئالماي ئەزىزمەن، دەيدۇ.

تالىشار قوغۇن، تاۋۇز شىرىنلىك،
مەيىن يەلپۈنەر كوپ ـ كوك ئىكىنلىك.

مەسخىرە قىلىپ تۇرار شىلدىرلاپ،
ئالما گىلاسقا ئېگىلىپ قاراپ.

تالىشار يەنە شاپتۇل، ئۈرۈك تەم،
بىرى بىرىدىن ئۇلار ئەمەس كەم.

ئۈزۈمدىن شەرۋەت تېمىپ تۇرىدۇ،
كوك باراڭ قويۇن ئېچىپ تۇرىدۇ.

قاتتىقلىغىڭدىن سەن ئۈزۈڭ ئاخماق،
دەپ بادام قىلار ياڭاققا چاخچاق.

ئالۇرات دەيدۇ: سەندىن مەن چۈچۈك،
ئەينۇلە دەيدۇ: سەندىن مەن سۈزۈك.

كوكسۇلتان ئېيتار: مەن خاس گودەككە،
ئامىلە دەر: مەن شىپا يۈرەككە.

ئەك بورۇن ئىغىز تېگىدۇ ماڭا،
دەيدۇ ماختىنىپ ئاق ئۇجمە يانا.

تاتلىق ئەمەستۇر ئالتۇنمۇ مەندەك،—
دەر كۈلۈپ جىگدە،—شەرۋىتىم قەندەك.

چەكسىز دالىدا ئالتۇن باشاقلار،
ئاقار يول-يولدا مارجان بۇلاقلار...

گۈزەل ۋە خۇشبۇي بۇ باغ ئاجايىپ،
قايدىدۇر ئېيتىڭ؟ ئەمەستۇر غايىپ.

1980-يىل ئۆكتەبىر.

## ھېيتگاھ

ھاۋارەڭ گۈمبەزنىڭ ياندى چىراغى،
قۇتۇلۇپ زۇلمەتتىن يورۇدى ھېيتگاھ.
تولدى خوش ئىپارغا قەدىم شەرق باغى،
سۇبھىدەم يەلپۈنۈپ گۈزەل چىمەنگاھ.

رەڭگا-رەڭ جۇلالار ھەيۋەت قوش مۇنار،
ھەر دىلغا بىر تىلەك قوشۇپ كۆن بويى.
قايىنامغا ئايلىنار بۇ ئەلۋەك دىيار،
مەئىشەت، نىمەتكە توشۇپ كۆن بويى.

بىر ياندا يەل-يېمىش، بىر ياندا دوغاپ،...
بىر ياندا پىششىق گوش، ئاش مانتۇ، ھېسىپ...
بىر ياندا ئاق كوكچى، بىر ياندا كاۋاپ،
تۈرىمەن ھېيتگاھدا ئويچان كوز تىكىپ.

ھەر نەپەس كوڭلۈمنى نوزىگە تارتار،
مۇھەببەت-سويگۈنىڭ بۇلىغى ھېيتگاھ.
قارىسام دەممۇ-دەم ئىشق ئوتۇم ئارتار،
مەرىپەت، سەنئەتنىڭ ئوچىغى ھېيتگاھ.

دانىشمەن فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ،
مەخمۇدىل قەشقىرى بۇندا جەم بولغان.
ناۋايى، سەككاكى نادانغا كايىپ،
شىجائەت بابىدىن ئوقۇيدۇ داستان.

مەشەدە دۇتتارنى چالار مۇترىبە،
غەمگۇزار ھەمرايى ئېيتىدۇ غەزەل.

مەشەدە ئىجاتكار تاپار مەرتىۋە،
يۇرت-ۋەتەن ئىشقىدا كۆيلەپ ھەر مەھەل.

نىزارى، زەلىلى، گۇمنام، خىرقىتى،
كۆيلەيدۇ چايخانا ئىچىدە لەرزان.
مەشەدە شائىرنىڭ ۋىجدان نومۇسى،
سىلىنىپ ئۇلچىنەر تارازۇ-مىزان.

«گۇلىستان» ۋە «بوستان» سوزلىنەر بۇندا،
ئوقۇلار «جەڭنامە» مۇنار تۈۋىدە.
يۇزىنى كوتىرىپ يۇرەلمەس شۇندا،
چىقىمچى مەلئۇنلار خەلقىنىڭ كوزىدە.

«كەلىلە-دەمنە»، «چاھار دەرۋىش»نى،
ئېيتىڭچۇ، مەشەدە ئىشتمىگەن كىم بار؟
مەشەدە مەن سەيلى قىلدىم بېھىشنى،
دۇنيادا بۇ كەبى يوق يەنە گۇلزار.

مەشەدە ۋەتەنگە باغلاپ مۇھەببەت،
نىم شىبھەت ماڭغاندا ياشلار ئالدىدا.
مەشەدە نامايان بولار ھەقىقەت،
كومۇلۇپ قالمايدۇ ھەرگىز دالدىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى

مەشەدە لۇتپۇللا ئىشقى ئالغان ئەۋج،
«يىللارغا جاۋاپ»تىن سۇنۇپ گۇلدەستە.
مەشەدە ئۇركەشلەپ سۆيگۈ ئۇرار مەۋج،
ھەر نىچۇك ئاشىقلار چۈشىدۇ ئەسكە.

يۇسۇپنىڭ جامالى، زۇلەيخا ئىشقى
مەشەدە چىراقتەك روشەن-مۇنەۋۋەر.
مەجنۇننىڭ ئارمىنى، لەيلىنىڭ چېھرى،
يەلكەندەك كىشلەر قەلبىدە ئۈزەر.

پەرھاتنىڭ غەيرىتى بولغاچ مەشەدە،
تۇيۇلار ھەممىدىن مۇھەببەت شىرىن.
مەشەدە غېرىپجان تىزغان گۇلدەستە،
ياراپ شاھ سەنەمگە يۇرت تاپار ئىمىن.

تاھىرنىڭ مەرتلىگى، زوھرا پىغانى،
مەشەدە قايغۇلۇق داستان-قوشاقتۇر.
مەشەدە سەئىدىنىڭ كوز يېشى، زارى،
رابىئە ھەسرىتى مارجان بۇلاقتۇر.

مەشەدە پىغاندىن ياسالغان دۇتتار،
ياسالغان داپ-تەمبۇر، مۇڭدىن-نالىدىن.

ياسالغان پەرياتتىن چاڭ، غىجەك، ساتار،
ياسالغان راۋابنىڭ ئەل سادا‌سىدىن.

ئاشقىنىڭ ئاھى نەي، زارى ناخشىدۇر،
ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئاۋازى سەندە.
ئوتمۇشۇڭ شوھرەتلىك، كەلگۈڭ ياخشىدۇر،
ھىكمەت بار ئۆركەشلەپ ئاققان تومەندە.

جان ھېيتگاھ، شۇنداق سەن، شۇنداق ئىدىڭ سەن،
بىر مەھەل ئۈستۈڭنى قاپلىدى زۇلمەت.
"ھەقىقەت ئىگىلەر، سۇنماس" دىدىڭ سەن،
توكمىدىڭ قەدرىڭنى تارتساڭمۇ كۇلپەت.

ياۋۇز توت يالماۋۇز سېنى قىلدى خار،
ئاش، نانىنىڭ ئورنىغا غەم يىدى خەلقىڭ.
سەن بولدۇڭ تاڭ قىزى دىدارىغا زار،
تىپىچەكلەپ سوققاندا بىتاقەت قەلبىڭ.

كۈن چىقتى، ئۈستۈڭگە توكۇلدى زەر نۇر،
چاقندى قوش مۇنار ھەسەن-ھۈسەندەك.
تارىخنىڭ بېتىگە يېزىلدى شۇ قۇر،
بۇ يېڭى دەۋراندا گۈل ئاچتى تىلەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كورۇپ شات قوينۇڭدا، پارلاق ئىستىقبال،
زۇلپىيە① ئانىنىڭ روھى شاتلاندى.
ھەر كىمنى ھەيرەتكە سالدۇ بۇ ھال،
ئۆگىنىپ پەن-بىلىم ئەل قاناتلاندى.

قورغانىنىڭ ئۇرۇكى چېچەك ئاچقاندا،
سەمەنىنىڭ ھاۋاسى گۈلدىن بۇي بېرەر.
دولەتباغ ئۈجمىسىن قىزلار قاققاندا،
باغرىڭغا كوز تىكىپ ھەزرەت توي بېرەر.

چۈشتۈم مەن ساماغا شادىيانىغا،
چالغاندا ھېيت كۈنى ناغرا-كىنى ياڭراق.
پايانسىز يەر-جاھان لەرزىگە كەلدى،
ياڭرىماس ئالەمدە ھېچ سادا بۇنداق.

كەلگۈگە مەن نەزەر سېلىپ تۇرىمەن،
مۇنارىڭ ئالدىدا چومۇپ ئىلھامغا.
مېھرىڭدىن سىماپتەك ئېرىپ تۇرىمەن،
تولدۇرۇپ مەينى لىق مەن قۇيۇپ جامغا.

---

① زۇلپىيە — 1702-يىلى زۇلپىيەخان (خانىرىقلىق ئايال) ھېيتگاھ جامەسىنى ئۆز راسخودى بىلەن ياساتقان.

هالبۇكى سېنى بىر كورمىگەن ئادەم،
دۇنيادا ياشاشنىڭ قەدرىگە يەتمەس.
كەلسە گەر گورىدىن تىرىلىپ ھاتەم،
قالاركى قوينۇڭدا، جەننەتكە كەتمەس.

ھەممىنىڭ ۋۇجۇدى ئۇمىتكە تولغان،
ھەممىنىڭ قەلبىدە ئالەمچە خوشلۇق.
بۇ كەبى يورۇق كۈن قاي زامان بولغان؟
پارتىيە يېتەكلەپ بىز ئاران تاپتۇق.

ئەزىز دەپ ئاتالغان ئالتۇن بوشۇگۇم،
سېنى دەپ بۇ ئوغلۇڭ جاننى بېرىدۇ.
ئاڭلىغىن جاڭ ئۇرۇپ سوقار يۈرىگىم،
يەنە بۇ ناخشىنى ئېيتقۇم كېلىدۇ.

شوھرەتلىك جاھاندا خاندان ھېيتگاھ،
ياشنىغىن ئەي كوركەم ئاشيان ھېيتگاھ.
ئۈستۈڭگە گۈل-چېچەك سايىۋان ھېيتگاھ،
جان ھېيتگاھ، جان ھېيتگاھ، جانىجان ھېيتگاھ.

1980-يىل نويابىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قىل بوُگوُن جەۋلان يەنە!

سەنئەتىم سەيناسى تولدى ئوُز موُقام ناۋاسىغا،
مەھلىيا بولدى كوڭوُل ئىشقى پىراق رەناسىغا.

ئاھ ئوُرۇپ قالدى ئەنە سويگوُ راۋاغىدا سەنەم،
پالىنىپ كەتتى غېرىپ ھىجران چولى-سەھراسىغا.

ئىشق ئوُزى بىر ئوُت ئىرۇر، تاۋلار يوُرەكنى بىقارار،
بىل ئوُنىڭ سائادىتى پىنھان ئەلەم جاپاسىغا.

ئىشتىياق تارتىپ ئوُزۇن، بولغان يوُرەك-باغرى خوُناپ،
خەلقىمىز يەتتى بوُگوُن ئوز مەشوُغى سىماسىغا.

ھىجرىنىڭ دەردىنى يەڭگەنلەر قوُچوُپ بەختوُ-ۋىسال،
يەتتى ھەركىم چىن موُھەببەت قەدرىگە-باھاسىغا.

ئوُيىنىغىن جەۋلان قىلىپ، قوُتلوُق نەزەر چوُشتى بوُگوُن،
يوُكسىلىشىنىڭ چولپىنى قونغان كوزوُڭ قاراسىغا.

سەن بىرىپ يىللارغا مەزمۇن، ئوينا، كەتسۇن شاقىراپ،
ئايلىنىپ مېھرى ۋەتەن ئابى ھايات دەرياسىغا.

يەلپۈنۈپ تۇرغان سابادىن تالى مەجنۇنچە ئېگىل،
بۇ نازاكەت پەردىسىن ئاچقان زامان داناسىغا.

قەلبىدىن دۇر چاچقۇسى ئەرتىست، مۇزىكانت باشىغا،
زوق، ھوزۇر، ئىلھام بىرىپ تۇرساڭ ئىلىم شەيداسىغا.

ئىستىگىن خەلق كوڭلىنى، جاۋاھىرات ئۇندا ئىرۇر،
جۇر قىلىپ سازىڭنى ياڭرات گۈللىنىش ساداسىغا.

رابىئە-سەئىدىن بىلەن تاھىر ۋە زوھرا ناخشىسى،
گۈل قوشار ئەمدى يېڭىچە مەرىپەت سەيناسىغا.

سەھندە قىلدى مېنى پىدائى جان «غېرىپ-سەنەم»،
چومدۇرۇپ سەنئەت بېغىنىڭ خۇش ئىپار ھاۋاسىغا.

1980-يىل دېكابىر.

www.uyghurkitap.com

# زۇمۇرەت دولقۇننى سويۇپ كېلەر سال...

سال دەريا ئۇچىدە، ئاي كوكتە ئۇزەر،
خىسلەتلىك، سېھىرلىك تارىم كېچىسى.
كوك قىرغاق ئۇستىدىن گۇزەل كورۇنەر
يەلپۇنۇپ چىمەنزار شايار يېزىسى.

قانداقمۇ ئۇنتۇلسۇن شۇ سالقىن كېچە،
مەن ناخشا ئېيتقانتىم ئۇستىدە سالنىڭ.
ئۇسۇلغا سالغاندا سۇ پەرىسىنى،
ياڭراپ زىل راۋابى شايارلىق چالنىڭ.

قانداقمۇ ئۇنتۇلسۇن مەھبۇس دىمەستىن
كەپىدە بوۋاينىڭ مېھمان قىلغىنى؟
پىشۇرغان بېلىقنى ئوزى يىمەستىن
ماغدۇرسىز تېنىمغا دەرمان قىلغىنى؟

قانداقمۇ ئۇنتۇلسۇن قەلبى گۈل، ئەزىز —
شۇ دوستۇم غېمىمنى يىگەن ھەمىشە.
قالدۇردى قەلبىمدە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز
ئېچىپ چىن دوستلۇقتىن ئۆچمەس سەھىپە.

مەن ھايات، ئېسىمدىن چىقماس، يادلىنار!
شايارلىق ئاقكوڭۈل قېرىنداشلىرىم.
قەلبىمدىن جاي ئالغان ئۇ ئەلۋەك دىيار
باغرىدا ئەبدى قالغان ياشلىغىم...

ھالبۇكى گۈللىنىپ بۇ ھور دەۋراندا،
ئايلاندى جەننەتكە تارىم بويلىرى.
قىز يوتكەپ سال بىلەن ئاتا-ئانا شات،
ئەۋج ئېلىپ مول ھوسۇل غەلىبە تويلىرى.

قەشقەردە تۇرسامۇ مېنى سەگىتەر،
ئەي تارىم كوكسۇڭدىن ئۇچقان خۇش شامال.
مەردانە ياشلىغىم ئۇستىدە قالغان
ئېخ يېشىل دولقۇننى سويۇپ كېلەر سال.

1980 - يىل دېكابىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## كۈمۈش دولقۇنلار ئۇرۇلغان قىرغاق

يەلپۈنۈپ شامالدا مەجنۇن تاللىرى،
شىلدىرلاپ تۇرغان ئۇ ئاق تېرەك، توغراق؛
كۆن بويى كوزۇمدىن بولمايدۇ نېرى
كۈمۈشرەڭ دولقۇنلار ئۇرۇلغان قىرغاق.

ئەتىدىن كەچكىچە قولۇمدا كەتمەن،
ئۇ يېشىل قىرغاقتا ئۆتكەن ياشلىقىم.
كوك چىمەن ئۈستىدە قوغلىشىپ يۈرگەن
توشقانلار بولغانتى دوست ــ سىرداشلىرىم.

ھەربىرە رومالدەك يېيىلىپ تاڭدا،
باسقاندا ئاق تۇمان مۇڭلۇق قىرغاقــنى؛
غۇقۇراپ قىيغىتىپ سەھەر شامىلى
ئۇسۇلغا سالاتتى قاتار توغــراقنى.

يۇلغۇنلۇق ئىچىدىن پۇر قىلىپ ئۇچۇپ،
كېلەر سۇ ئىچكىلى قىرغاۋۇل شۇندا.

ئىغائىلاپ غاز، ئۆدەك، ئاق قۇش بوي سوزۇپ،
چۈشىدۇ دەرياغا، ئۈزەر دولقۇندا.

زۇمۇرەت قىرغاقتىن تىڭىلايدۇ شەپە
خىلمۇ-خىل بېلىقلار پىلتىڭلاپ، لەيلەپ.
دولقۇنلار ئاستىغا شۇڭغۇپ يوقىلار،
كەلگەندە بېلىقچى قېيىقنى ھەيدەپ...

بۇ ئەجەپ مەنزىرە كەتمەس كوزۇمدىن،
سويۇملۇك كوك قىرغاق ئاھ، سەن گۈزەلسەن!
لەك ئۈرۈپ ئاققان شاش تارىمغا سەندىن
سەكرەپ مەن ئۈزگەنتىم بېلىقلار بىلەن...

ئېسىلىپ توغراقنىڭ يىلتىزلىرىغا،
قايىنامدىن مەن چىقىپ، كۈنگە قاقلىنىپ؛
قۇمۇڭغا كومۇلۇپ راھەتلەنگىنىم
ئېسىمدىن كەتمەيدۇ تۇرار يادلىنىپ.

ھەسرەتلىك، قايغۇلۇق، مۇڭلۇق، غەمگۈزار،
سويۇملۇك ئەي يېشىل جانىجان قىرغاق!
سوزۇلغان بويۇڭغا ئۈيغۇر يېزىسى...
سەن ئىدىڭ باياشات قەدىمي قىشلاق.

هەر كېچە ئاپەتنى چاقىرىپ شۇم قۇش،
توت ھۇقۇش دەستىدىن بولدۇك شۇنچە خار.
مەن كەلگەن چېغىمدا سۇرگۈن قىلىنىپ،
ئانامدەك سەن قۇچاق ئاچتىڭ ئەي دىيار.

ئۇتتى ئۇ لەنىتى مۇدھىش قارا تۈن،
نۇر توكۈپ كوكسۇڭگە بالقىدى قۇياش.
بولدۇڭسەن شۇ تاپتا گۈزەل سەيلىگاھ،
سەن بۇگۈن مەۋج ئۇرغان دولقۇنغا سىرداش.

بولسامۇ مۇشۇ دەم سەندىن مەن يىراق،
كورۇنەر كوزۇمگە باراخسان توغراق.
كۇيلەيمەن قەشقەردە ياد ئېتىپ سىنى،
ئەي كۇمۇش دولقۇنلار ئۇرۇلغان قىرغاق.

1980-يىل دېكابىر.

## مىنۇتنى بىر كۈنگە تەڭ قىلىپ ئوتسەم...

خان تەڭرى ئۈستىدە ئاينىڭ شولىسى،
چاقناپ ئاق مەشۇتتەك جۇلالايدۇ قار.

قويۇلغان چولپانغا ئۆمرۈم شوتىسى،
مەن يەنە بىر پەللە ئاشتىم بەختىيار.

قىرىق يىللىق ئۆمرۈمنىڭ قەدرى-قىممىتى،
شەرىپى، راھىتى شۇندا داۋامەت.
ئەل ئۈچۈن تارتقان دەرت ئۆمرۈم زىننىتى،
ۋىجدانىم تېچلىقى ئۈچۈن كاپالەت.

بۇ قۇتلۇق دەۋراندا ئانا يۇرتۇمدا،
مىنۇتنى بىر كۈنگە تەڭ قىلىپ ئۆتسەم،
قالدۇرۇپ يىللارنى شۇنچە ئارقىدا،
ئىككى مىڭ بىرىنچى يىلغا مەن يەتسەم...

مىرادىم شۇندىلا ئاچاتتى چېچەك،
ئارزۇغا مەن قېنىپ قۇچاتتىم شەرەپ.
تەر توكۇپ ۋەتەنگە توھپە قالدۇرۇش،
شات ياشىشىمدىكى بىردىن-بىر سەۋەپ.

1981-يىل يانۋار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پارتىيە دىسەم

كۆن كۈلۈپ ئورلەيدۇ پارتىيە دىسەم،
ئاي توغۇپ سوزلەيدۇ پارتىيە دىسەم.
ۋەتىنىم گۈللەيدۇ پارتىيە دىسەم،
كەپتىرىم ئۈنلەيدۇ پارتىيە دىسەم.

ھاياتبەخش كۆيۈمدىن پۈتۈپ جاراھەت،
سىبلىندى كوكلۈمگە مەر-مەر ئىمارەت،
كۆندۈز-تۈن مىھماندۇر ئۈندا شىجائەت،
ئىلھامىم كەلمەمدۇ، پارتىيە دىسەم.

ئازاتتۇر تىنىمسىز پۈتۈم كىشەنىدىن،
ياشا، دەپ ئۈن كىلەر ماگسام چىمەنىدىن،
تاپىنىم ئاستىدا قالغان تىكەنىدىن
كوكلۈم غەم يىمەيدۇ، پارتىيە دىسەم.

يەنچىلدى قۇترىغان چاققاق چايانلار،
پۇشقۇرۇپ زەھرىنى چاچقان ئىلانلار،

مەلئۇنلار دەستىدىن ئۇپرىغان جانلار
نىمىشقا كۈلمەيدۇ، پارتىيە دىسەم.

بالىغا ئۆز غېمىنى توكۇرۇپ يەيدىغان،
ئەل-يۇرتىنىڭ غېمىنى غەم دىمەيدىغان،
ھەسەتخور جىنلارنى-كىر ئىزلەيدىغان
نەپرىتىم ئۆرتەيدۇ، پارتىيە دىسەم.

ئالەم كەڭ، ئادەم تەڭ، ھوقۇق تەندە جان،
يوق زىنھار ۋەتەندىن قەدىرلىك ماكان،
ۋەتەن دەپ ياشىغان غەيۇر قىز-ئوغلان
ياۋغا تىز پۈكمەيدۇ، پارتىيە دىسەم.

تارىخي كەچۈرمىش بەردى بىر ساۋاق:
ئارىنى بۇزغانىنىڭ بېشىغا چوماق!
تەندە قان، بىلەكتە كۈچتۇر ئىتتىپاق،
جانىغا جان قوش دەيدۇ، پارتىيە دىسەم.

بىر چاغلار قۇم باسقان تاتىراڭ ئىگىزدا،
ئايلاندى مايسىلار بۈگۈن دېڭىزغا،
ئەمدى ئۆز خوجىسىن تاپقان ئېتىزدا
شۇمبۇيا ئۈنمەيدۇ، پارتىيە دىسەم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەي ھارماس، تىرىشچان دانا ئايال-ئەر،
شوتا بول ئەۋلاتقا پەخىرلەنسۇن يەر،
ئوينىسۇن بوغۇنلار مارستا شوخ لەپەر،
قورام تاش گۈللەيدۇ، پارتىيە دېسەم.

ئاقىدۇ چىكەمدىن تەرلىرىم بەتكە،
ئۇركەشلەپ قانلىرىم رەڭ بېرەر خەتكە،
نىمىمۇ تەڭ كېلەر چىن مۇھەببەتكە؟
قەلبىم كۈيلەيدۇ، پارتىيە دېسەم.

1981-يىل ئىيۇل.

## ھەممىنىڭ ئارزۇسى يۇكسەككە ئورلەش

(سىكىل)

مەن چىقىپ دولقۇندا ئۇزدۇم بۇ گۈزەل فابرىكىدا،
ئايلىنىپ سېخلارنى كوڭلۇم يەتتى خوش ئارمانىغا.
ئۇندا ئىلھام ئۇرچۇغى جەۋلان قىلىپ قاقتى قانات،
قەلبىم موكا بولۇپ توقۇپ شېرىر گۈل ئاچتى شات.
گۈل تىزىپ گۈلدەستە سۇندۇم ئىشچىغا-مەردانىغا،
ئەل ئۇچۇن جانىنى تەسەددۇق ئەيلىگەن پەرۋانىغا.

## ئۇ خۇش، بەختيار

جىمجىت تۇن ئۇتمەكتە، ئاي ئۇزەر كوكتە،
قاپلىغان سامانى چىچەكلەپ يۇلتۇز.
تىپىچەكلەپ يۇرىگى، كەلمەي ئۇيقۇسى،
كوزنەكتىن قارايدۇ چاچلىرى قۇندۇز.

كۇتەر بۇ قىز كىمنى، خىيالى نىمە،
نىمشقا ئۇخلىماي گۇل-كەشتە سىزار؟
بۇ سالقىن كېچىدىن تامايى نىمە،
سىزغان گۇل-كەشتىنى ئۇ كىمگە تۇتار؟

تۇردى قىز بىر چاغدا كىيىنـدى چاپسان،
تارتتى ئاق خالاتنى زىبا بەستىگە.
چىققاندا تالاغا تۇغدى ھەم چولپان،
باقتى بىر بىرىنىڭ گۇزەل ۋەسلىگە.

كىرگەندە قىز كۇلۇپ بوياش سېخىغا،
”نىمشقا كەلدىڭىز؟“ دىدى ئۇسـتىسى؟
”يۇكسىلىش جىڭىگە ئەپكەلدىم سوغا“
كورسەتتى ئۇستىغا قىزچاق نۇسخىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

"قانداق ئۈز، نەپىس-ھە!
بىسىلسا بۇ گۈل،
ئىچلار رەخت باھار تىڭىدەك ياشناپ.
— دىيىشتى ئىشچىلار، — شاخ-شاختا بۇلبۇل
جەلپ قىلار كىشىنى زوق بىلەن سايراپ..."

ھە، شۇنداق ئىشلەپ قىز كۈندۈز-تۈندە ھەم،
دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەس بىكار.
چىقسۇن دەر ھەرخىل رەخت سۈپەتلىك، كۆركەم؛
بولسۇن دەر ئىشچىدىن رازى خېرىدار.
قاراڭ، گۈل باسماقتا زوق بىلەن شۇ دەم،
ماھارەت كۆرسىتىپ ئۇ خۇش، بەختىيار...

## ئۈرچۈق ئايلىنار...

نۇر چاچار سۈپ-سۈزۈك دەرىزىدىن كۈن،
ئىش-ھۈنەر قايىنىغان سېخنىڭ ئىچىگە.
غەيرەتكە كېلىپتۇ ئىشچىلار بۈگۈن،
مەدەتكار بولۇشۇپ بىرى بىرىگە.

گويا چاقپىلەكتەك ئۈرچۈق ئايلىنار،
توختىماي غىقىراپ ئۆتۈشەر موكا.

بولۇتتەك دوۋە يىپ رەختكە ئايلىنار،
شۇنچە تېز ھەم نەپىس توقۇلۇپ ئۇدا.

قارىسام، بەل باغلاپ مۇسابىقىگە
چۈشۈپتۇ بەس-بەستە يىگىت، قىز، چوكان.
كوپ، ياخشى توقۇشنى ئېلىپ ھوددىگە،
ئىشلەيدۇ دىققەتتە ئىشلىرى راۋان...

قارا كوز، سۇمبۇل چاچ قىزنىڭ ئالدىدا،
يەلپۈنۈپ تۇراتتى بىر قىزىل لەۋھە.
بىلدىمكى ھەممىدىن ئوتۇپ ئالدىغا،
ئۇ شەرەپ قازانغان تونۇلۇپ ئەلگە.

ئۇنىڭدىن بايراقنى تالىشىپ شۇندا،
باشقىلار تىرىشىپ ئىشلەر، ئىزلىنەر...
توقۇلغان ئارتۇق رەخت دولەتكە توھپە،
ئۇرچۇقلار ئايلىنار، موكا ئوتۇشەر.

## ئۇستا بىلەن شاگىرت

تولۇن ئاي قېشىدا يۇلتۇزلار كۇلەر،
ئۇستىسى يېنىدا شاگىرتلار ئوسەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىستانوك ئالدىدا سېخ-نىڭ ئىچىدە،
ياش ئىشچى تېخنىكا، ھۈنەر ئۆگىنەر.

"پارلاق يول كورسىتىپ دانا پارتىيە،
سىز غەيۇر ياشلارغا ئۈمىت باغلىغان.
ياساپ زور بۇرۇلۇش يېڭى دەۋرىدە
تۈزدى خۇش مۇبارەك يېڭىچە پىلان.

بىلىمسىز دۇنيادىن تەشنا-زار ئۆتەر،
بىلىملىك بۇلاقتۇر ئەلگە سۇ بېرەر.
بىلىمدىن تېخنىكا تۇغۇلۇپ گۈللەر،
يۇرتىمىز تېخنىكا بىلەن بېزىلەر.

پەن-ئىلىم، تېخنىكا ئۆگىنىپ تېزدىن
ۋەتەننى ياشنىتىش بىز ئۈچۈن شەرەپ.
تىرىشىپ ئەل ئۈچۈن قوشايلى تۆھپە،
يېڭىلىق يارىتىپ، جان تىكىپ ئىشلەپ..."

دەپ ئۇستام شاگىرتقا ئۈلگە كورسىتىپ،
چاپسان رەخت توقۇشنى ھارماي ئۆگىتەر.
ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ھەممە شاگىرتلەر
ئىگەللەپ تېخنىكا ئىشلەر، ئۆگىنەر.

شۈگلاشقا كۈنىمىرى يۈكسەكـكە ئورلەپ،
فابرىكا گۈللىنىپ تاپـماقتا كامال.
ئۇستامنىڭ كوچىتى پەرۋىشتە گۈلـلەپ
مول مىۋە بەرمەكتە تەمى گويا بال.

## بولدى ئىلغار مەس-ئەلەس

سەھنىگە چىققاندا كۈلۈپ بىر يىگىت،
تولدى زال ئالقىشقا، كىم بۇنى كۆتكەن؟
بولدۇ ئىلغار، دەپ كىم قىلغان ئۈمىت،
"مەس-ئەلەس" ئاتالغان شۇ نامى بىلەن؟

ئالدى ئۇ مۇكاپات، ئالدى ئۇ لەۋھە،
ھورمەتكە سازاۋەر بولدى ئۇ بۈگۈن؛
جان تىكىپ ئىشلىگەچ كورۈنۈپ كوزگە،
ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتكىنى ئۈچۈن.

ئۇ بەش يىل ئالدىدا بىلمەي خۇدىنى،
مەس-ئەلەس يۈرەتتى مەي ئىچىپ كۈندە.
گەپ قىلغان كىشىگە تەككۈزۈپ سەت تىل،
مەيدانىنى بىشىغا كىيەتـتى تۈندە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زىيانداش توت مەلئۇن دەستىدىن يىگىت،
قىقلىپ-سوقۇلۇپ شۇ كويغا قالغان.
ئىشلەپ نەپ ئالالماي بولۇپ قەلبى داغ،
"مەس-ئەلەس، كاج-قالاق" نامىنى ئالغان.

بەختكە يارىشا بولدى بۇرۇلۇش،
ئىشلىگەن يۈز تاپتى يېڭى دەۋردە.
تاشلىدى هاراقنا بولۇشنى ئەسىر،
كوڭلىنى ئېرىتكەچ دەۋر، تەربىيە.

ئۇ خۇرسەن بۇ ئازات، ئەركىن زاماندىن،
ئاشۇرۇپ ئورۇنلار كۇنلۇك پىلانىنى.
قارشار ئۇنىڭغا قىزلار ھەۋەستە،
ئۇ دەيدۇ: "خەلق ئۈچۈن ئاتىدىم جانىنى".

*

## ئاپىرىن

مەن سىخىنىك ئىچىدە، كوزلىرىم شۇ ئان
توقۇلغان رەختلەرگە قاراپ ئۇلگۇرمەس.
مەن قاينام ئىچىدە كوڭلۇم خۇش ھامان،
ئىشچان قىز-يىگىتتىن مېھرىم ئۇزۇلمەس.

شۇ تاپتا سېختا ئىش كەتكەن بەك قىزىپ،
ھەممىنىڭ ئارزۇسى يۈكسەككە ئۆرلەش.
شۇ تاپتا ئىشچىنىڭ ئېشىپ غەيرىتى،
ھەر سېختا دولقۇنلاپ ياسىغان ئۆركەش.

شۇ تاپتا كۆرۈندى گۈلشەندەك ماڭا،
ھەر يەردە مال بىلەن تولغان ماگىزىن.
— كۈنسېرى ئۆرلەڭلار، — دېدىم قەلبىمدىن،
ئىشچىلار شەنىگە ئوقۇپ ئاپىرىن.

1979-يىل ئىيۇن — 1981-يىل ئىيۇل.

# كۈز لىرىكىلىرى

## كۈز كەلدى

كۈز كەلدى، كۆك كىمخاپ تونىنى تاشلاپ
دەرەخلەر شالاڭلاپ قالدى مۇڭلىنىپ.
سوغ شامال سوققاچقا تاپالماي ئارام
شىلدىرلاپ تۇردۇ شاخلار تولغىنىپ.

سارغىيىپ سولاشقان رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر،
قالماي خۇش پۇرىغى توزىغان شۇ دەم.
ئىشتىلمەس كاككۇكنىڭ ئاۋازى لەرزان،
جاراڭلار پەقەتلا مېنىڭ شات كۈلكەم.

چۈنكى ياش كوچەتمەن يىل بويى قانماي
سۇ ئىچكەن پەن-ئىلىم بۇلاقلىرىدىن.
ئوسمەن چېچەكلەپ مەن ئۇرۇپ خەندان،
ئايرىلماي ۋەتىنىم قۇچاقلىرىدىن.

شۇڭلاشقا چىرايىم بولمايدۇ سامان،
شۇڭلاشقا ياپرىقىم توكۈلمەس ھامان.

## يوپۇرماق

سوقتى كۈز شامىلى، لىڭشىدى دەرەخ،
تىترەشكە باشلىدى ياپراق مۇڭلىنىپ.
ئۈزۈلۈپ شېخىدىن چۈشتى تۇپراققا،
ئاھ!... دىدى بى دەرمان يەردە پۇرلىشىپ.

ئۇ بولغان ئەمەسمۇ باھارغا زىننەت؟
چۈشۈرگەن ئىدىغۇ باشلارغا سايە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆز كېلىپ نىمىشقا ئۇنى تەبەت
ھاياتتىن ئايرىيدۇ قىلماي ھىمايە؟

بۇ ھەر بىر دەرەخنىڭ ئۆزىگە باغلىق،
تاشلىماس ياپرىغىن قىشتىمۇ قارىغاي.
شۇ كەبى جاپاغا بەرداشلىق بەرگەن
ئادەمنىڭ ھاياتى كۆكلەپ ياشنىغاي.

## باراڭ ئاستىدا

باراڭلىق ئاستىدا كورپە بولەنچۈك،
ئۇنىڭدا كوز ئېچىپ ياتىدۇ بوۋاق.
ساڭگىلاپ تۇرىدۇ پىشقان قىزىرىپ،
سارغىيىپ ساپىغى قۇرۇغان قاپاق.

ئۈزىتىپ قاپاققا بۇدرۇق قولىنى،
تۇتماقچى بولىدۇ ئۇمتۇلۇپ قىزىم.
ئوخشىتىپ گوياكى ئانا كوكسىگە،
لىۋىنى تامشىيدۇ كۇلدۇرۇپ قىزىم.

مەھبۇبەم ئەزىزىم كوكسى چىڭقىلىپ،
بېشىدا تەلمۈرۈپ تۇرار، چىدالماس.

قانىتىم بالامنى ئالار باغرىغا...
(بالىنى دەپ ئانا ئارام تاپالماس).

باراڭنى ياپقاندا تۇغۇلغان قىزىم،
ياپ-يېشىل پىلىگى كاۋا-قاپاقنىڭ.
ياز ئۆتتى مېھرىدە يالقۇنجاپ دىلىم،
تۇغۇلۇپ ئىستىقبال تاپقان بوۋاقنىڭ.

شۇ دەم كۈز، سارغايدى شۇ يېشىل باراڭ...
ئىزغىرىن شامالدا توكۇلدى ياپراق.
سارغايماس كوڭلىمىز بارىڭى ياشنار،
سارغايماس سويگۇمىز ياپرىغى شۇنداق.

چۈنكى ئۇ سۇ ئىچىپ قانغان ۋاپادىن،
چۈنكى ئۇ راھەتكە يەتكەن جاپادىن.

## توختا، ئەي تۇرنىلار!

توختا، ئەي تۇرنىلار! قايان بارىسەن،
پايانسىز ئاسماندا مۇڭلىنىپ ئۇچۇپ؟
بۇغۇچلاپ قويغۇم بار قاناتلىرىڭنى،
لاچىندەك پەرۋازدا بەرىڭنى تۇتۇپ.

بىلىمەن يات ئەلگە كېتىپ بارىسەن،
بۇ ئەلۋەك دىيارنى تاشلاپ، ئۇياتماي.
سەن كەلگەن ئىدىڭغۇ گۈزەل باھاردا،
سېغىنىپ باغلارنى يات يۇرت قوتاتماي.

ئۇنتۇدۇڭ راھەتنى، قاچتىڭ جاپادىن،
ئېيت، سېنىڭ قانچىلىك ئەتىۋارىڭ بار؟
ئاڭلىدىم يېقىمسىز غەمكىن ناخشاڭدا،
"بىز بىلەن بىرگە كەت" دىگەن زارىڭ بار.

دەۋىتىڭ بىھۇدە، مەن قۇش ئەمەسمەن،
ئادەممەن! ۋەتىنىم مېنىڭ جان-تېنىم.
پەزىلەت خىسلىتىم نامايان شۇندا،
ۋەتەن دەپ سوقىدۇ تومۇردا قېنىم.

كوكلەمنىڭ پەيزىنى سۇرۇپ بىر زامان،
تومۇزدا راھەتتىن بولۇپ شادىمان.
كۈز كەلسە سوغاقتىن سەن كەبى ۋايساپ،
قاچايمۇ سەرگەردان بولۇپ لاماكان؟!...*

* لاماكان — ماكانسىز مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توختا، ئەي تۇرنىلار!
قارا تۇۋەنگە:
ئالتۇندەك تاۋلىنار سويگەن دىيارىم.
بېرىدۇ مول ھوسۇل توت پەسىل ئارا،
كۆز كۆنى ئۇلغىيىپ مېنىڭ ئىجادىم.

كەتمەيمەن! ئۇستۇمنى باسسىمۇ مولدۇر،
كەتمەيمەن! قالسامۇ ئاق قار تېگىدە.
يۈزۈمگە ئۇرۇلسا چولدە شىۋىرغان،
سېزىمەن ئۆزەمنى گۈلزار ئىچىدە...

توختا، ئەي تۇرنىلار! قالغىن مەن بىلەن،
بىز بىرگە ياشايلى ۋەتەننى كۈيلەپ.
ئۆزەيلى تارىمنىڭ دولقۇنلىرىدا،
ھور، گۈزەل، باياشات كەلگۈنى كوزلەپ.

## يارىمغا جاۋاپ

مەشۇغۇم قارايسەن سۇلغۇن چېھرىمگە،
بىلىمەن كوڭلۇڭدە كوپ سوئالىڭ بار.
ھىجرىڭدە ئۇلغايغان ئوتلۇق مېھرىمگە
ھەر قىلغان نازىڭدا بىر جاۋابىڭ بار...

"نىمانچە چىرايىڭ سارغىيىپ كەتكەن؟
نىمىشقا قالدىڭسەن ئەزىزىم ياداپ؟"
دەيسەن ئاھ!... جان تىكىپ ۋەسلىڭگە يەتكەن
ئاشىغىڭ لەۋزىدىن ئىزلەپ چىن جاۋاپ.

بۇ پىنھان سىر ئەمەس، مەن جاۋاپ بىرەي:
كويگىنىم يوق زىنھار باشقا گۈزەلگە.
خۇش جامال، كۈچ-قۇۋۋەت بەرگەنلىگى راست،
گۈلباھار، ئىسسىق ياز بەستىمگە-تەنگە.

كەلسە كۈز قورايدەك بولىمەن قاخشال،
مىجەزىم ئوخشاشكەن بۇ پەسىل بىلەن.
داللار مول ھوسۇل بەرگەندە ئەلگە،
قاغجىراپ قالامدۇ باغ-ۋاران چىمەن؟

شۇ يەڭلىغ قەلبىم توختىماي تەۋرەر،
ۋەتىنىم ھوسنىگە بولۇپمەن ئەسىر.
بىلەمسەن، ئۇخلىماي گۈل تىزىپ بەتكە،
ئاققان تەر-قانلىرىم—يېزىلغان شېئىر.

شۇڭا تەن دەرىخىم دائىما قاخشال،
شۇڭا جان ياپرىغىم سارغىيىپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى www.uyghurkitap.com

دەرمانىم قەلەمدە، سەنئەت بېغىغا،
ئەبەدى ئورۇلماس ئۇز راۋاق سالغان.

قايغۇرما مەشۇغۇم چېھرىمگە قاراپ،
قۇي ئىلھام جامىغا تولدۇرۇپ شاراپ.

1980-يىل سېنتەبىر — 1981-يىل ئۆكتەبىر.

## ئالتۇن ئاچقۇچ

(چۆچەك)

"مەرت سوزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن"
—خەلق ماقالى

### مۇقەددىمە

ئۇتتى ئاھ... تىنىمسىز بەگۇۋاش ياشلىقىم!
ئۇتتى ئەل قەدرىگە يەتمەي پەرىشان...
باللىق چېغىمغا قايتىپ باشلىدىم —
باشلىدىم يېزىشنى... سالام كىتاپخان!

"ياشلىقتا ئاڭلىغان كوڭۇلدىن چىقماس"
دەپتىكەن كونىلار، بۇ گەپ راست ئىكەن.

ئۇ چاغلار كوپ ئىشتكەن ھەۋەس قىلىپ راست،
بۇ چوچەك قەدرىگە ئۇزەم يەتمىگەن.

بۇ ئاخشام ئۇي-ئۇيلاپ چۇشۇپ يادىمغا،
ۋۇجۇدۇم ئوت كەبى كەتتى يالقۇنجاپ.
گوياكى شۇ مومام كېلىپ ئالدىمغا
سوزلىدى چوچەكنى، يازدىم مۇشۇ تاپ.

زۇلمەتلىك ئوتمۇشكە ئېچىنىپ ياشلار،
بۇ نۇرلۇق دەۋرانىڭ قەدرىگە يەتكەي.
پەن، ئىلىم، ھۇنەرگە بېرىلىپ ياشلار،
ۋەتەن، خەلق ئالدىدا خىزمەت كورسەتكەي.

ئۇزەممۇ شۇبھىسىز بولۇپ شۇ كويدا،
باشلىدىم ئاڭلاڭلار كېلىپ شۇ ئۇيغا.

1

بىر ئەلۋەك دىياردا ئۇتكەن زاماندا،
بار ئىكەن بىر سۇلتان قانخور ۋە زالىم.
خەلق ئۇنىڭ دەستىدە نالە-پىغاندا،
يەيدىكەن ئاش-نانىنىڭ ئورنىغا ۋايىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گوھەردىن كوز قويغان ئالتۇن تاجنى
كىيىپ ئۇ چىققاندا مەرمەر تەختىگە؛
ئاڭلىماي غەمگۇزار ئەلنىڭ دادىنى،
قانائەت قىلماستىن تېخى بەختىگە؛

قان تولغان كوزىگە كولەڭگۇ سالغان
قاپىغى ئېچىلماس ئىكەن تۇرۇلۇپ.
ئۇلۇمنىڭ قايغۇسى بىلەن پەرىشان
ئولتۇرار ئىكەنۇ بەلغەم توكۇرۇپ.

بىر كۇنى سوراپتۇ قەھرى بىلەن شاھ:
"ئولمەسلىك مۇمكىنمۇ؟ بېرىڭلار جاۋاپ!"
جىمجىتلىق ئىچىگە چوكۇپتۇ ئوردا،
شۇك بولۇپ ۋەزىرلەر يەر تۇۋەن قاراپ.

چۇشۇپتۇ تەختىدىن شاھ بوپ دەرغەزەپ،
شارت قىلىپ قولىغا قىلىچنى ئاپتۇ:
"تۇز كورلار نىمىشقا قىلىشمايسەن گەپ؟"
توۋلاپ بىر ھاكىمنىڭ بېشىنى ئاپتۇ.

قۇر ئەنداز يىقىلىپ شۇ ئان پۇتىغا:
"ساڭا ئەي سۇلتانىم، مەن جاۋاپ بېرەي،—

دەپتۇ شاھ قەھرىنى بېسىش كويىدا، —
جان كېرەك بولسا، ئال، ئۇندىن مەن كېچەي."

"ھىم! ئېيتقىن،" دەپتۇ شاھ ئالىيىپ قاراپ،
سوزلەپتۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قۇر ئەنداز.
"ئولۇمدىن قورقۇشنىڭ ئۇزى بىر ئازاپ،
قورقمىغان ياشايدۇ قىشنى قىلىپ ياز.

ئولمەيدۇ قىلغانلار ئۇچ شەرتنى ئادا،
بىرىنچى ۋەتەنگە پىدا قىلسا جان،
ئىككىنچى، قالدۇرسا توھپە ھاياتقا،
ئۇچىنچى، ياخشىلىق قىلسا بىگۇمان؛

بۇ يولدا ئولسەڭمۇ، ئوچمەيدۇ نامىڭ،
ياخشى نام قالدۇرۇش ئولمىگەنگە تەڭ.
سۇلتانىم، شۇ بولسۇن سېنىڭ قارارىڭ،
ئادالەت بېغىدا گۈللىسۇن توھپەڭ."

شاھ چېچىپ شالىنى دەپتۇ: "بەس! توختا!
مەن ئولمەي ياشاشقا چارە تاپىمەن.
يوق سوزنى قىلىپ سەن تەڭلىمە نوختا،
ئولمەسلىك ئۇچۇن خۇش دورا تاپىمەن."

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاشلاپ قۇر ئەندازنى چاھغا* كىشەنلەپ،
ئاپتۇ مال-مۈلكىنى قويماي غەزنىگە،
شوراپ ئەل قېنىنى سەمرىپ ھە دەپ،
كىرىشىپ كېتىپتۇ ئىشرەت-بەزمىگە.

بۇ سۇلتان دەستىدىن بولۇپ يۇرت خاراپ،
"مەرەز شاھ" ئاتاپتۇ خەلق ئۇنى قاغاپ.

بۇرۇنمۇ ئەمەس، ھېچ كېيىنمۇ ئەمەس،
دەل شۇ چاغ بۇ ئەلگە كەپتۇ بىر ئاپەت.
ھايۋانمۇ ئەمەس ئۇ، يا جىنمۇ ئەمەس،
بىر دىۋە ئىكەن ئۇ، ئېتى جاھالەت،

ئىگىز تاغ ئۈستىنى قىلىپ ئۇ ماكان،
يېتىپتۇ چات كېرىپ ئىس-تۈتەك پۇرقۇپ.
مەرەز شاھ تازىمغا بېرىپ شۇ زامان،
يەرگە باش قويۇپتۇ لاغىلداپ قورقۇپ.

"سەن ماڭا چېقىلماي ھوكۇم سۈرىۋە،
پاناھىڭ مەن ئۆزەم..." دەپتۇ ئۇ دىۋە.

---

* چاھ — زىندان.

مەرەز شاھ ئاجىز خەلق، ۋەيران ۋەتەنگە
نەزەرمۇ سالماستىن كەپتۇ ئوردىغا.
"سۇلتانلىق ماڭا خاس، شاھلىق ماڭا تەن"
دەپتۇ ئۇ گىدىيىپ باقماي قۇربىغا.

خىيالغا چومۇپتۇ: "دۇنيادا كاشكى،
مەن قالسام، ئۇلسە خوپ ھەممىلا ئادەم..."
قويماي ئۇز ھالىغا قېرىنى-ياشنى،
يىغدۇرۇپ ئۇ جاكا قىپتۇ: "بۇ ئالەم—

مەن بىلەن ئالەمدۇر، مەنسىز ئۇ بولماس،
شەرۋىتى ماڭا تەن ئابى ھاياتىنىڭ.
ئۇنى كىم كەلتۇرسە قىزىم ئاڭا خاس،
بۇي ئالار گۇلىدىن شىرىن مۇراتىنىڭ..."

سوزىنى تۇگىتىپ ئاندىن مەرەز شاھ،
قىزىنى راۋاقتا كورگەزمە قىپتۇ.
دەرتمەن خەلق بىر قاراپ قويماپتۇ ھەتتا،
خانزادە، بەگزادە ھۇشىدىن كېتىپتۇ.

قۇندۇزدەك چاچلىرى باشىغا سالما،
قىز ئويچان تۇراركەن ئايدەك مۇڭلىنىپ.

ھەربىرە رومىلى غۇر-غۇر شامالدا
يەلپۈنەركەن ئاھ، چاقناپ نۇرلىنىپ.

تارقاپتۇ خالايىق قايغۇسى ئارتىپ،
بىھۇشلار ھۇشىغا كەپتۇ، "ئۇھ!" دەپتۇ.
ھەر بىرى ھەر جايدىن ئۇزۇقنى ئارتىپ،
ئاتلىنىپ چىقىپتۇ، ئاتنى "چۇھ!" دەپتۇ.

ئۇلار يەر يۈزىدىن ئابى ھاياتنى
تاپامدۇ، تاپمامدۇ، كېيىن بىلەرمىز.
مەن باشلاي چوچەكتىن ئىككىنچى بابنى،
قاي كۈندە قۇر ئەنداز؟
نىمە بولدى قىز؟

2

تاش ئەمەس ئۇرۇلغان يىلىڭ پۈتىغا
سوڭگى ئادەمنىڭ تىرىك كومۇلگەن.
گۈل ئەمەس پۈرىغان ئۇنىڭ بۇرنىغا
جەسەتنىڭ ھىدى ئۇ چىرىپ توكۈلگەن.

گور كەبى قاراڭغۇ ئاشۇ زىنداندا،
ياتاركەن قۇر ئەنداز، رەڭگى زەپىران.

ۋەتەن-خەلق غېمدە چومۇپ پېغانغا،
ئېيتقان ھەق سوزىگە قىلماپتۇ پۇشمان.

شات ئىكەن ئوزىنىڭ جاۋابى بىلەن،
دوستلىرى ئولۇمدىن قالغاچ قۇتۇلۇپ؛
ئوردىدا ۋىجدانىنىڭ ئازاۋى بىلەن
سىقىلغان يۇرىگى بۇندا جۇش ئۇرۇپ.

ئېلىنى جاھالەت باسقانلىغىنى،
دانىشمەن كوڭلىدە سېزەر ئىكەن ئۇ.
تىلەپ ئەل-يۇرتىنىڭ ئامانلىغىنى،
قايغۇ-غەم شارابى ئىچەر ئىكەن ئۇ.

ئاھ چەكسە يادىغا چۇشۇپ رەيقى،
ئۇپۇقنىڭ ئېتىگى يىرتىلار ئىكەن.
كېلىپ كوز ئالدىغا ئوغلى، ئەزىزى،
ئۇمىتىنىڭ نۇرلىرى چېچىلار ئىكەن.
تەسەۋۋۇر قىلغاندا غالىپ خەلقنى
سائادەت ئىشىگى ئېچىلار ئىكەن...

ۋە لېكىن مەرەز شاھ ”سوزۇڭدىن يان!“ دەپ،
ئۇسسۇزلۇق، نان بەرمەي قىيناپتۇ خورلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ دانا "ئەل ئۇچۇن جېنىم قۇربان" دەپ،
يانماپتۇ سوزىدىن تارتىسمۇ ئازاپ.

كېتىپتۇ هالىدىن ئۇتۇپ يەتتە كۇن،
بىر بۇردا نان يىمەي، ئىچمەي تامچە سۇ.
ئەجەبا ئېلىنىپ ئۇشتۇمتۇت بۇگۇن،
مۇدھىش چاھ ئاغزىدىن ئېغىر تاش ياپقۇ.

چۇشۇپتۇ ئالدىغا گۇپ ئېتىپ كوزا،
ئۇنىڭغا باغلانغان ئىكەن بىر تۇگۇن.
چىقىپتۇ، نان، تائام، ئېچىپ قارىسا،
(كويۇنسەڭ كىشىگە سەن شۇنداق كويۇن.)

بۇ سىرلىق كېچىدىن باشلاپ ھەر كۇنى
چۇشەركەن شۇ مەھەل تۇرلۇك غىزا، چاي،
كىمدۇ بۇ جان كويەر — يوقلىغان ئۇنى،
سۇلتانىنىڭ قەھرىدىن قورقماي، ئۇنۇتماي؟

شۇ مەرەز شاھنىڭ خان قىزى ئىكەن ئۇ،
بىز بايا راۋاقتا كورگەن چىرايلىق.
ئوقۇتقان ئۇستازنىڭ غېمىنى يىگەن...
(دۇنيادا بىلىمگە يەتمەس ھېچ بايلىق.)

نومۇسسىز، تاش يۈرەك ئاتىنى دىمەي،
قىپتۇ قۇر ئەندازغا ياخشىلىق شۇنداق.
گۈندىپاي كىچەلمەي بىرىلگەن زەردىن،
مەيلىگە قويۇپتۇ ئۇ قىزنى... يىراق.

ئول ياۋۇز، دوت، تەرسا دىۋە جاھالەت،
بۇ نادىر رەنانى ئېلىپ قېچىپتۇ.
كورۇنۇپ كوزىگە ئولۇم شۇ سائەت،
مەرەز شاھ چارىسىز ھەسرەت چېكىپتۇ.

يەنە ئاچ قالسىمۇ چاھتا دانىشمەن،
نىجاتلىق تېگىدىن ئۈزمەپتۇ ئۇمىت.
ھامانەم قىلماي ئۇ، ئولۇمنى پىسەنت،
تىلەركەن خارۇ-زار خەلققە بەخىت.

تاماقسىز ئاجىزلاپ كېتىپتۇ تېنى،
باقاركەن تەلمۈرۈپ چاھنىڭ ئاغزىغا.
بۇ دەھشەت ئاچلىقنىڭ ئۇنىنچى كۈنى،
چۈشۈپتۇ ساڭگىلاپ ئارقان ئالدىغا.

ئۇ تۇيۇپ... مىڭ تەستە باغلاپ بېلىنى،
ئېسىلىپ تۇرغاندا تارتىپتۇ بىر كىم.

چىقىپ چاھ ئۈستىگە كورۇپ ئوغلىنى،
ئارانلا سوزلەپتۇ:
"بالام، ئەزىزىم؛

تېچ-ئامان تۇردىمۇ ئاناڭ؟"—دەپ سوراپ،
ھوشىدىن كېتىپتۇ؛
ئوغلى شۇ مەھەل—
پىداكار دوستلىرى بىلەن ئاۋايلاپ
ئۆيىگە ئېپ كېپتۇ، يەتكىچە ئەجەل.

قاپتۇ چاھ بېشىدا قورقۇپ، قان يۇتۇپ،
گۈندىپاي، جاللاتلار باغلاپ قويۇلغان...
ئانا ئىشىك تۈۋىدە كۈتۈۋېلىپتۇ،
باغرىغا بېسىپتۇ ياش توكۇپ شۇ ئان.

ئاغزىغا سوغ سۇنى تېمىتقان ئىكەن،
ياللىدا كوز ئېچىپ دەپتۇ ئۇ دانا:
"ئەلۋىدا، مەھبۇبەم، قال ئامان-ئېسەن.
ئەلۋىدا، مەرت ئوغلۇم، ماڭا قارىما.

سەن مېنى جان تىكىپ قۇتقازغان بىلەن،
جاھالەت زۇلمىدىن قۇتۇلمىدى ئەل.

جان ئۇزۇش ئالدىدا ئۇزىتاي خۇرسەن،
ئاتلان يوق قىلىشقا ئۇنى دەرمەھەل.

بىل، چىراق ھېچقاچان ياغسىز يورۇماس،
ئادەممۇ ئىلىمسىز تاپمايدۇ روناق.
ئۇگەنسەڭ يېگىشنى تاپىسەن ئاخىر،
گۇم بولۇپ يولۇڭغا قورۇلغان توزاق.

ۋەتەن-خەلق ئالدىدا، ۋىجدان ئالدىدا،
ئۇرۇنۇپ مەن ئادا قىلالمىغان ئۇ —
بۇرچۇمنى، قەرزىمنى قىلغىن سەن ئادا!
بار ئوغلۇم، كېچىكمە، قىلمىغىن قايغۇ...“

تىزلىنىپ ئەزىمەت يىگىت شۇ ھامان،
”ئەلگە جان تەسەددۇق!“ دەپتۇ ئانت ئىچىپ.
خوشلىشىپ ھايالسىز بوپتۇ ئۇ راۋان،
ئانىسى ئۇزاتقان يوللۇقنى ئېلىپ.

ۋادەرىخ، ئىشىك تامان قارىغان پېتى،
دانا جان ئۇزۇپتۇ، كوزى يۇمۇلماي.
دەرىيادەك ئېقىپتۇ ئانىنىڭ يېشى،
يىغلاپتۇ قارىلىق تۇتۇپ كوكتە ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

بۇ چاغدا ئاتمىغان ئىكەن تېخى تاڭ،
ئەمدى سىز سوزنى شۇ ئوغۇلدىن ئاڭلاڭ.

3

مېڭىپتۇ ئۇ يىگىت يەلكىدە يىمەك،
قەلبىدە ئۇلۇغۋار مەقسەتنى ئېلىپ.
گوياكى تۇلپارغا ئايلىنىپ تىلەك،
ئۇ ئۇچۇپ باراركەن ئويچان كوز سېلىپ.

يۇلتۇزلار سۇ چېچىپ، شامال سۇپۇرۇپ
قويۇپتۇ يولىنى، بۇيرۇپ خۇدايىم.
شىلدىرلاپ دەل-دەرەخ مۇڭلۇق يەلپۈنۈپ،
قىلاركەن يان-ياندىن ئېگىلىپ تازىم.

چىقىپ ھەم چولپانمۇ تىلەپتۇ ئاق يول،
خوش ئېيتىپ بۇلبۇللار سۇنۇپتۇ گۇلدىن.
چاقناپ باش كوتىرىپ دەپتۇ: "ئامان بول!"
كۇن سېلىپ ئۇنىڭغا پاياندار نۇردىن.

قېرىلار سويۇنۇپ يوللۇق تۇتاركەن،
كەيىندىن ماڭغاندا ئەگىشىپ ياشلار.
كۇنىسېرى غەيرىتى ئېشىپ باراركەن،
بولغاچقا ئۇزىگە ھەمرا يۇرتداشلار.

ئارىلاپ مېڭىپتۇ يېزا ـ قىشلاقنى،
كورگەندىن، ئىشتكەندىن ئېلىپ كوپ ساۋاق.
ئاپتۇ ئۇ "ئوزغۇن مەرت" دىگەن ئاتاقنى،
ھارماستىن ـ تالماستىن ئىزلىنىپ شۇنداق.

ئۇ كېتىپ بارغاندا قۇملۇقتا چاڭقاپ،
ئۇچراپتۇ ئالدىغا ئىككى بەگزادە.
بىرى جىم تۇرۇپتۇ ۋە بىرى قاراپ،
كوتىرىپ قىلىچنى قىلىپتۇ ھەملە...*

بۇ ئىككەن مەرەز شاھ قىزىغا ئاشىق،
چىققان ئىمىش ئابى ھاياتنى ئىزلەپ:
"خانىغا مەن كۇيوغۇل بولۇشقا لايىق"
دەر ئىككەن كورگەنلا كىشىنى قەستلەپ.

نە ئابى ھاياتنى تاپسۇن بۇ ئوكتەم،
يۇرۇپتۇ ئەل ـ يۇرتنى قاخشىتىپ بۇلاپ.
ئالغانىكەن پەيلىدىن "بۇزغۇن" دەپ لەقەم،
قوتانىغا تەككەن چىل بورىدەك ھۇلاپ.

---

* ھەملە ــ ھۇجۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ بىرى، گەپ يەمەس قورقاق نادانكەن،
شۇنچە چوڭ بولسىمۇ بايلىق ـ دۆلىتى.
خەلق ئۇنى "قۇزغۇن" دەپ ئىزا قىلاركەن،
توگىدەك تۇرسىمۇ بەستى، سولىتى.

شۇ كۈن بۇ ئىككىسى قاراپ راۋاققا،
ھۇشىدىن تەڭ كەتكەن ئىكەن يىقىلىپ...
بېقىپ ئەل-يۇرتىغا، قىزغا باقمىغان—
ئۇزغۇنغا ئۇچراپتۇ شۇ ھال دۇچ كېلىپ.

ئۇنىڭغا ئۇيىنى ئېيتىپتۇ ئۇزغۇن:
"يوقتار دۈشمىنىڭ بىلسەڭ مەن ئەمەس!"
قايتماي شۇم پەيلىدىن دوق قىپتۇ بۇزغۇن،
"مەندەك ئەر ئالدىدا قۇلسەن، بول پەخەس".

كۈچىنىپ ئۈچ مەرتەم ئۇرغان قىلىچى،
تەگمەستىن ئۇزغۇنغا بىكار كېتىپتۇ.
پەنت ـ ھىلە ئىشلىتىپ يېڭەلمەپتۇ ھېچ،
نەيزىسى ھەم ئۇنىڭ كاردىن چىقىپتۇ.

چۈشۈپ ئات ئۈستىدىن بەل تۇتۇشقاندا،
"پۇتىدىن تارت!" دەپتۇ قۇزغۇنغا بۇزغۇن.

ئايلىنىپ كېلىپ ئۇ قول ئۇزاتقاندا،
ئۇلار گەجگىسىدىن چىڭ تۇتۇپ ئۇزغۇن؛

ئۇرۇپتۇ كەم ئەقىل قۇزغۇن بېشىنى
شۇم تىلەك بۇزغۇننىڭ كاللىسىغا ۋاق.
"بىز ساڭا قول!" دەپتۇ توكۇپ يېشىنى،
بۇ نامەرت خۇمپەرلەر چۇشۇپ ئوڭدا جاق.

كەچۇرۇپ، ئامانلىق بېرىپ يەنىلا،
قۇزغۇنغا، بۇزغۇنغا قىپتۇ نەسىھەت؛
يېتىشىپ كەپتۇيۇ مەرتكە شۇ چاغدا
ئەگەشكەن كوپچىلىك پاك دىل، ساپ نىيەت.

ئۇ مېڭىپ ھەممىنىڭ يەنە ئالدىدا،
يېتىپتۇ بىر كەنتكە ئۇتۇپ بۇ دەشتتىن.
ئاھ-پىغان بىلەن خەلق چىقىپ ئالدىغا،
باشلاپتۇ ئۇلارنى ئوي-ئويگە بەشتىن.

بۇندىمۇ مەرەز شاھ دەستىدىن ھەر جان
غەم-كۇلپەت ئىچىدە ئازاپ چېكەركەن؛
پۇرقۇپ ئىس-تۇتەكنى جاھالەت يايغان،
زۇلمەتتە چىرىغى يانماي ئوچەركەن...

لالما ئىت ئۇلگەندەك ئولەرسەن ئاندىن،
بولماس ھېچ خوۋلۇقمۇ ساڭا جاھاندىن...»

كوز ئاچسا ئوزغۇن مەرت، چوچۇپ ئويغىنىپ،
يېنىدا ئولتۇرار ئىكەن تومۇرچى.
شۇ زامات بازغاننى ئاپتۇ ئۇ قوپۇپ،
سوقۇشقا باشلاپتۇ چوغدەك تومۇرنى.

بېكىتىپ بىر ساپقا يەتتە ئۇچ نەيزە،
ئاپتۇ ئۇنى قولغا ئاتلىنىپ شۇ ئان.
«يېڭىش تاپ، رىزا قىل، ئەلنى شات ئەيلە!»
دەپ ئالىم ئۇستىسى تۇرۇپ شۇ ھامان.

ئۇچ باتۇر ئوغلىنى قوشۇپ ئۇزغۇنغا،
ئۇزۇتۇپ چىقىپتۇ: «يولدىن يانما!» دەپ.
ئەگىشىپ كەلگەن يار-دوستلىرى شۇندا،
ئاتلىنىپ مېڭىپتۇ، رەت-رەت تۇزۇپ سەپ.

ئاجراتماي قۇزغۇننى قېشىدىن بۇزغۇن،
مېڭىپتۇ ئۇلارنى كەينىدىن پايلاپ.
تىلەككە يېتەمدۇ، يەتمەمدۇ ئوزغۇن؟
بىتاقەت بولماڭلار ئاچاي يېڭى باپ.

## 4

باغ كوزگه كورۈنسه، شۇ ئان يېتسەن،
تاغ كوزگه كورۈنگەن بىلەن چىقماق تەس.
مەنزىلگە بارغىچە ھالدىن كېتسەن،
چىداپ يول باسمىساڭ ئالدىڭغا كەلمەس.

ئوتسمۇ قانچىلاپ ۋەيرانە باغدىن،
يەتمەپتۇ ئىگىز تاغ باغرىغا ئوزغۇن.
كوز ئۈزمەي قارىيىپ تۇرغان شۇ تاغدىن
"قايتقان خوپ" — دەپتۇ نەس ئاغزىدا بۇزغۇن.

يەنە يول يۈرۈشكە قالماي تاقىتى،
قۇزغۇنمۇ توختاپتۇ ئارقىغا داجىپ.
"بولمايدۇ ھىچ راۋا ئەلنىڭ ھاجىتى"
دەپ چۇقان ساپتۇ بۇ ئىككى شۇم نالىپ.

ۋە لېكىن كەينىگە بىر قەدەم يانماي،
ئوزغۇنغا ئەگىشىپ كېتىپتۇ ياشلار.
ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاپتۇ ئۇيالماي،
قاپتۇ ئۇ بەدنىيەت — يۈرىگى تاشلار...

* * *

تەگلەپتۇ قۇزغۇنغا بۈزغۈن نەيزىنى،
ئۇزغۇنلار تېز ئۇزاپ بولغاندا غايىپ.
سانچىپتۇ كوكسىگە بۈزۈپ پەيلىنى،
"قولىدىن ئىش كەلمەس نادان" دەپ كايىپ.

ئۇزىگە دوست-ھەمرا بولغان كوپ مەھەل،
قۇزغۇننى ئولتۇرۇپ چۇشۇپتۇ يولغا.
تاغۇ-دەشت، كىيادىن ئاۋاز كەپتۇ دەل:
"ئەگەشمە شەيتانغا، سەن نادان بولما!..."

ئېتىنى قامچىلاپ ئۇيلاپتۇ بۈزغۈن:
"ماڭا خاس شان-شوھرەت، سۇلتان بولۇش ھەم.
ئۇلگۇرۇپ ئولۇمگە كەتتى ئۇ ئوزغۇن،
بولىدۇ شۇبھىسىز جاھالەتكە يەم..."

توختاپ چول* بويىدا ئاپتۇ كوزىغا،
توشقۇزۇپ زەي سۇنى سىلىپ زەھەرنى.
ئۇ يېتىپ شەھەرگە—كىرىپ ئوردىغا،
"شۇ ئابى ھاياتنى—شىرىن شېكەرنى؛

---

* چول — شايار، توقسۇنلاردا سۇ توختاپ قالغان تەبىي چوڭقۇرلۇقلارنى چول دەيدۇ.

مىڭ جاپا-دەرت بىلەن ئېلىپ كەلدىم" دەپ،
سۇنۇپتۇ سۇلتانغا قاخشاپ يەر ئۆپۈپ.
مەرەز شاھ "مۇراتقا ئەمدى يەتتىم" دەپ،
ئويلاپتۇ كوڭلىدە بىر پىلان تۇزۇپ:

"مۇشۇ دەم گەر بۇنى ئۇجۇقتۇرمىسام،
شاھلىقتىن ئايرىلىپ قالىمەن خالاس..."
كېلىپ شۇ قارارغا، ھورمەت-ئېھتىرام
كورسىتىپ دەپتۇ ئۇ: "شاھلىق ساڭا خاس."

مەرەز شاھ بۇزغۇننى خىلۋەتگاھىغا
باشلاپ تەخت ئۇستىدىن كورسىتىپتۇ جاي.
سۇنۇپتۇ بىر جام مەي—سالغان كۇچۇلا —
ئۇ ئىچىپ يۇرىگى ئېغىپ دەپتۇ "ۋاي!..."

بۇزغۇن قان قۇسۇپلا يىقىلىپتۇ دۇم...
دەشتتە تېز باراركەن ئوزغۇن شۇ تاپتا.
ئاز قالغان ئىكەن ئۇ، دەھشەتلىك ئولۇم
ھورپىيىپ قادىلىپ تۇرغان شۇ تاققا.

كورۇپ دەل ئوزغۇننى سوزىدىن قايتماس،
جاھالەت قەھرىلە ئوقۇپتۇ ئەپسۇن.

توساپتۇ بىر دەريا پەيدا بولۇپ راست،
ئاققۇزۇپ تاشلارنى ياساپ زور دولقۇن.

چاپتۇرۇپ كەپتۇ-دە، بۇ زور ئېقىنغا،
ساپتۇ ھېچ توختىماي ئۇزغۇن ئېتىنى.
نە سۇغا غەرق بولسۇن، تۇزلەڭ زېمىندا
بارارمىش بۇزماستىن قىلچە پېتىنى.

گەر يانسا ئارقىغا ئاقار ئىكەن ئۇ،
ئۇرۇلۇپ تاشلارغا لەشكىرى بىلەن.
يوگۇلۇپ تېنىگە چاقار ئىكەن شۇ
سۇدىكى ئىلانلار نەشتىرى بىلەن.

قايتمىغاچ يولىدىن، ياخشى نىيەتتىن،
جاھالەت سېھرىسى بولۇپتۇ باتىل.
ئاتىنىڭ، ئۇستازىنىڭ سوزىنى ئەستىن
چىقارماي مېڭىپتۇ ئالدىغا دادىل.

جاھالەت كوتىرىپ يەتتە بېشىنى
ئوقۇپتۇ تەڭ ئەپسۇن يەتتە ئاغزىدا.
يېپىلىپ بېسىپتۇ يەرنىڭ بېتىنى
كوتىرىلىپ بىر يالقۇن تاغنىڭ باغرىدا.

كىرىپتۇ ئېتىلىپ ئاتەش ئىچىگە،
تىلىگى گۈلخانغا ئايلىنىپ ئۇزغۇن.
نە ئاتەش بولسۇن ئۇ، گۈلشەن ئۈستىدە،
مىڭىپتۇ ھەم بەربات بولۇپ بۇ ئەپسۇن.

"ئاپلا!" دەپ جاھالەت يەتتە ئاغزىدىن،
پۈرقۇپتۇ قان-يىرىڭ، چىقىرىپ بوران.
ئۇ ياتقان چوققىغا تاغنىڭ باغرىدىن
چىقىپتۇ ئۇزغۇنلار سالامەت شۇ ئان.

كەلگەنچە يەتتە ئۇچ نەيزىنى ئۇزغۇن
سانچىپتۇ باراۋەر يەتتە كوزىگە.
جاھالەت بېشىدا چوگىلەپ قۇيۇن،
تاش-تۇپراق يىغىپتۇ قارا يۈزىگە.

ئۇ يەتمىش قولىدا يەتتە بېشىنى
چاڭگاللاپ، ھوكىرەپ چېكىپتۇ پەريات.
توت ياندىن يىغىپتۇ يەتمىش پۇتىنى،
كېتىپتۇ ھۇشىدىن قانسىراپ ھەيھات.

جاھالەت ئاستىغا باسۇرۇپ ياتقان،
ئالەمنىڭ ھىكمىتى ئايان ۋە بايان؛

كىتاپنى ئېلىپ مەرت ئۇزغۇن شۇ زامان
قارسا ئىچىدە تۇرارمىش پىنھان:

نۇر چېچىپ پاقىراپ بىر ئالتۇن ئاچقۇچ،
شولىسى چۈشەركەن يۇلتۇزغا، ئايغا.
"خەلقىمنىڭ بەختى" دەپ ئاپتۇ قولىغا،
ئوقۇپتۇ كىتاپنى بولۇپ ئۇ شەيدا:

"كىم ياخشى نىيەتتە ئۆگەنسە ئۇزار،
كىم يامان نىيەتتە ئۆگەنسە بۇزار.
گەر ئىلىم-ھۈنەرنى ئۆگەنمىسە كىم،
مۇراتقا يېتەلمەس ئاقىۋەت تۇزار...—

دىگەن بۇ شېئىرنىڭ ئۇز رېتى بىلەن
ھەرپىنى چۈشۈرسە ئاچقۇچنى بۇراپ.
ئېچىلار ھىكمەتنىڭ قۇلۇپى جەزمەن،
ئېچىلار ئىشىگى گەنجىنىڭ شۇ تاپ..."

بۇ سوزلەر يېزىلغان بەتنى-ۋاراقنى،
كوزىگە سۈرتۈپتۇ، قىلىپتۇ تاۋاپ.
"قانداقچە ياشايمىز؟" دىگەن سوئالنى
ئويلاپتۇ، ئۇنىڭغا تېپىپتۇ جاۋاپ.

ئۇزغۇن مەرت كىتاپنى سېلىپ قوينىغا،
چىقىپتۇ ئەڭ بۈيۈك چوققا ئۇستىگە.
كوز سېلىپ ئىگىزدىن شەرققە قارىسا
بىر ئىشىك تۇرارمىش چاقناپ ئوزگىچە:

زەردىن يان-يېنىغا گۈل چېكىلگەنمىش،
قۇلۇپى قويمىكەن، چىڭ ئېتىلگەنمىش.

كۈچىيىپ ئۇزغۇننىڭ يۈرەك يالقۇنى،
توختىماي ئىزلىنىپ قىلىپتۇ پىكىر.
ساپتۇ شۇ قۇلۇپقا ئالتۇن ئاچقۇچنى،
يېزىپ شۇ شېئىرنى تولغاپتۇ پىر-پىر.

تولغىنىپ، قىينىلىپ چىقىپتۇ جېنى،
ئۇ ياۋۇز دىۋىننىڭ — شۇم جاھالەتنىڭ.
جاراڭلاپ ئېچىلىپ گەنجى ئىشىكى،
كۆنى نۇر چېچىپتۇ هور سائادەتنىڭ.

مەرۋايىت، قەھرىۋا، گوھەر ۋە ئالتۇن،
رەڭمۇ-رەڭ ياقۇتلار باركەن بىهساپ.
"بۇ خەلقنىڭ بايلىغى" دەپتۇ مەرت ئۇزغۇن،
تۈگمەس غەزنىگە شاتلىنىپ قاراپ.

هۇشىدىن كەتكۈزۈپ بۇندا بەنت قىلغان،
مەرەز شاھ قىزىمۇ كەپتۇ ئۇزىگە.
بۇ گۈزەل نازىنىن-بەختى ئېچىلغان،
سۇ سېپىپ يولىغا بۇلاق كوزىدە؛

چىقىپتۇ چېچىدا سۇپۇرۇپ يەرنى،
ئۇزغۇنىنىڭ ئالدىغا—شۇ يار ئالدىغا.
ئۇزىنى تاشلاپتۇ ئاڭا سويۇنۇپ،
يورۇپتۇ يەرۇ-كوك شۇ چاغ ۋاللىدا.

كەينىدە لەشكىرى، ئالدىدا ئەلەم،
قايتىپتۇ شان-شەرەپ دەبدەبە بىلەن.
يۇرتىغا، شەھرىگە قوياركەن قەدەم،
ئاپتۇ شات خەلق كۇتۇپ تەنتەنە بىلەن.

...خوشلۇغى بىلەن شاھ "ئابى ھايات"نىڭ،
ئۇلتۇرۇپ قۇزغۇنىنى قۇتۇلۇپ ئاندىن،
دەر ئىكەن ئۇزىگە: "سەن خالاس تاپتىڭ،
ئايرىلىش يوق ساڭا جاندىن، جاھاندىن..."

ئۇ تۇتۇپ كوزىنى تېنىگە پاتماي،
ئۇلتۇرغان چېغىدا تەختتە گىدىيىپ؛



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇزغۇن مەرت نەيزىنى كوتىرىپ ئاي-ھاي!
كىرىپتۇ ئوردىغا بېسىپ، ئېتىلىپ.

قورقۇپ شاھ ئىچىشكە ئالدىراپ شۇندا،
كوتىرىپ كوزىنى كومتۇرۇپتۇ دۇم.
قۇيۇلۇپ زەھەر سۇ ئاغزى-بۇرنىغا،
قارنىنى مىڭ پارە قىپتۇ ھەق ئولۇم.

ئۇزغۇن مەرت كىتاپنى، ئالتۇن ئاچقۇچنى
قىپتۇ خەلق—يۇرتىغا مەڭگۇگە تەقدىم.
كېتىپ غەم-ھەسرىتى، باشتىن قايغۇسى
بېرىلىپ ئىلىمگە ياشاپتۇ ھەر كىم.

يېتىپتۇ خەلق بىلەن ئۇزغۇن مۇراتقا،
جان تىكىپ جانانغا يېتىپتۇ شۇنداق.
ئايلىنىپ ھاياتى ئۇنىڭ قوشاققا،
ئېغىزدىن-ئېغىزغا تاراپتۇ شۇنداق.

**خاتىمە**

ھىكايە تۇگىدى، تۇگىدى چوچەك،
تۇگىمەس ئىلھامىم قەلەم سىياسى.
ئۇقۇغان كىشىگە قوشسا بىر تىلەك،
شۇندىدۇر قىممىتى، شۇدۇر باھاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هاجى ئەخمەت

# ۋىسال ئارزۇسى

## ئىنتىزارلىق

دەرىزەگدە بىر چىراق
يانار ھامان پىلىلداپ.
ئەتراپىدا پەرۋانە
جەۋلان قىلار پىرىلداپ.

سېنى كۈتۈپ، سېغىنىش
دولقۇنىدا ئاقىمەن.
ئۇي تېمىگنى ياقىلاپ
دەرىزەگگە باقىمەن.

ئەنە، شورلۇق پەرۋانە
چىدالماستىن پىراقىقا؛
ئۇلدى كويۇپ كۈل بولۇپ،
ئۇزىن ئېتىپ چىراققا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئالاھىسى

كورگەن بولساڭ گەر شۇنى،
چىققىن چاپسان يېنىمغا،
پەرۋانىنى كويدۇرگەن
ئوتنى سالما جېنىمغا.

1958 - يىل، ئۈرۈمچى.

## دەسلەپكى قەدەم

كۈنجى رەت ھەققى ئومۇرنىڭ يولى
ياش گودەك ئالدىدا ئېچىلدى راۋان.
ئاتلاندى مەكتەپكە بەخت بۇلبۇلى،
قەلبىدە بىر ئالەم شاتلىق، ھاياجان...

تەبرىكلەپ ئۇستازلار چىقتى ئالدىغا،
ياغدۇرۇپ مېھرىنى، ئېچىپ كەڭ قۇچاق.
"مۇبارەك، ئوغلۇم!" دەپ ئالدى قوينىغا،
ئىلىم - پەن گۈلزارى — يالقۇنلۇق ئوچاق.

ياش گودەك دەپتەرگە ئۇينىتىپ قەلەم،
زوق بىلەن ئىلىمدىن توقۇيدۇ كەشتە.

ئورلەيدۇ چوققىغا قەدەممۇ-قەدەم،
تار سوقماق يوللارنى قالدۇرۇپ پەستە.

يېنىدا ھەرنەپەس مېھرىۋان ئۇستاز،
يار بولۇپ ئۇنىڭغا سۇنار قولىنى.
ياش يۈرەك تەلپۈنۈپ قىلماققا پەرۋاز،
سىزماقتا گويا كى ھايات يولىنى...

1958-يىل، ئۈرۈمچى.

## ھايات ئىشقى
(بىر شائىرغا تەقلىد)

قۇم سەھرادا ياتار قىيا تاش،
كۈن نۇرىدا يالقۇنجاپ يېنىپ.
بىر تۈپ مايسا كۆتىرىپتۇ باش،
قىيا تاشنىڭ باغرىنى يېرىپ.

تۈرقى نازۇك، يۇمران بىر گىيا،
شامال سوقسا ئوينار يەلپۈنۈپ.
مىنۇتسايىن ئۆسمەكتە گويا،
ھايات ئۈچۈن قۇشتەك تەلپۈنۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

قانچە ئاپەت كېلەر ئاڭا دۇچ،
كورەر قانچە باھار ۋە قىشنى.
سىر ئەمەسكەن تاشنى يارغان كۈچ،
ئۇ كۈچ — غالىپ ھاياتنىڭ ئىشقى!

1959 - يىل، ئۈرۈمچى.

## تىيانشان

بۇلۇتقا بوي سوزۇپ تۇرىسەن مەغرۇر،
سەن پۈتمەس خەزىنە - بايلىقنىڭ كانى.
قوزغايدۇ تارىخنىڭ قەلبىمدە غۇرۇر،
سەن باتۇر خەلقىمنىڭ شوھرىتى - شانى.

قەھرىمان ئەجداتلار ئۇلۇغلاپ سېنى،
ئۇنتۇلماس يالقۇنلۇق قوشاقلار قاتقان.
جەڭلەردە مەرتلەرنىڭ تۆككەن ساپ قېنى،
باغرىڭدا دەريادەك سەل بولۇپ ئاققان.

سۆيۈملۈك نوزۇگۇم خىلۋەت غارىڭدا،
سەن بىلەن نەچچە ئاي سىردىشىپ ياتقان.

ئەركىنلىك يولىدا ئەيلەپ جان پىدا،
دۈشمەنگە ئۆچ-نەپرەت تېشىنى ئاتقان.

هورلۇق دەپ قوزغالغان سانسىز باھادىر،
توپلىنىپ باغرىڭدا گۈلخانلار ياققان.
ئازاتلىق كۈيچىسى قەھرىمان سادىر،
باش بولۇپ قۇللۇقنىڭ تەختىنى چاققان.

ئىلقىدىن قوزغالغان مەرتلەر ئات چېپىپ،
خەتەرلىك داۋىنىڭ مۇزاتتىن ئاشقان.
يالقۇنلۇق ماگمىدىن ۋولقانلار ئېتىپ،
زۇلمەتكە غەزىۋىڭ قاينىغان-تاشقان...

تارىخنى ۋاراقلاپ كورسەم بىر باشتىن،
سەن ئۇنىڭ گۇۋاسى، ئەڭ جانلىق شاھىت.
سەندىكى خىسلەتلىك ھەر قىيا-تاشتىن
كورىمەن ئۆچمەس ئىز تارىخقا ئائىت.

كوپ ئىشلار كورگەنسەن مۇشۇ ياشقىچە،
ئالەمگە يارالغان قەدىم چاغلاردىن.
تىيانشان، يۈرەكتە ئىشقىڭ باشقىچە،
يۈكسەكتۇر شوھرىتىڭ بارچە تاغلاردىن.

1960-يىل، ئۈرۈمچى.

# بۇلاق

شوخ بۇلاق شىر ـ شىر ئېتىپ،
ئۇرغۇپ ئاقار كۈي قېتىپ.
كورمەك بولۇپ مەن ئۇنى
كەلدىم ئەتەي يىراقتىن.
ئەتراپىدا مەجنۇنتال،
سەيلە قىلدىم زەپ خوشال،
ئۇنىڭ جۇشقۇن كۈيلىرى
كەتمەس پەقەت قۇلاقتىن.

زوق ـ ئىلھامغا كومۇلدۇم،
ھاياجانغا چومۇلدۇم،
مۇڭلۇق ئانا ئەللىين
ئاڭلاپ ئاشۇ بۇلاقتىن.
مەنمۇ شۇنداق ئاقىمەن،
چوللەرگە گۈل تاقىمەن،
ئىجات ـ ئەجرىم كەۋسىرى
ئۇتلۇق ناخشا ـ قوشاقتىن.

1960 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

# باھار تۇيغۇسى

تۈن بويى توختىماي ياغدى ئاپپاق قار،
ھەيران بوپ قارايمەن تۇرۇپ سەھەر چاغ.
گوياكى شۇ كېچە كەلگەندەك باھار،
مەرۋايىت چېچەككە پۈركىنىپتۇ باغ.

كوز ئېچىپ يۇمغىچە ئۆتمەستىن ھايال،
باشلىدى تەبىئەت ئەجەپ بىر ئويۇن.
غۇقىراپ تاغلاردىن ئۇچقان شوخ شامال
ئۇچۇرتۇپ قارلارنى، كوتەردى قۇيۇن.

توكۇلۇپ ئاق قاردىن ياسالغان چېچەك،
دەرەخلەر يالاڭغاچ قالدى بىر پەستە.
ئارزۇلار قوينىدا جۇش ئۇردى يۈرەك،
گۈل باھار تۇيغۇسى جانلىنىپ ئەستە.

1960-يىل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# تۇن پاجەسى

## (ئانىنىڭ ھېكايىسى)

### 1

ئەزىز ئاتىدىن بولغاندا جۇدا،
بوۋاق ھاياتقا ئاچقان كوزىنى.
ئۇلغايدى ئۇسۇپ ئانا قولىدا،
كورمەي ئومرىدە ئاتا يۈزىنى.

قويغاندا يېڭى ئۇن بىرگە قەدەم،
ئەقلىن قىزىق خىيال ئورىدى.
"ئاتام قەيەردە؟ ئۇنى بىر كورسەم!" —
توساتتىن شۇنداق سوئال سورىدى.

ئوزىنى بىر پەس يوقاتتى ئانا،
ئوغلىدىن مۇنداق سوئالنى ئاڭلاپ.
يۈرەك يارىسى ئېچىلىپ گويا،
كوزىدىن يېشى ئاقتى تاراملاپ.

ئاچماسقا سرنى تاپالماي چاره،
قانلق ده‌ردىنى توكتى دىلىدىن.
ئوتمۇش كۆنله‌ردىن مۆگلۆق هكايه،
ئاگلىدى ئوغۇل ئانا تىلىدىن:

2

"ئاتاڭ بار ئىدى قىران بۆركۆتته‌ك،
زالىم قولىدا قانىتى سۇنغان.
يىنىپ قىساسىنىڭ ئىچىده ئوتته‌ك،
مۇدهىش زامانىنىڭ قۇربانى بولغان.

هاياتقا چىندىن باغلاپ مۇهه‌بب‌ه‌ت،
ئومۇر سۇره‌تتى هالال ۋه ئادىل.
زۇلۇم-زورلۇققا ياغدۇرۇپ نه‌پره‌ت،
كوكسىنى كېرىپ تۇراتتى دادىل.

ئوما كۆنلىرى سۇبهى يورۇشقا،
زالىم به‌گ يۇرتقا چۇشۇردى بۇيرۇق.
ئوزىگه هه‌قسىز بۇغداي ئورۇشقا،
هه‌يدىدى ئه‌لنى ئىشلىتىپ زورلۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئەمرىگە قىلماستىن پىسەنت،
بارمىدى ئاتاڭ ئېتىز ئىشىغا.
كۈن بويى ئارام بەرمەي قانچە رەت،
كەلسىمۇ بوتۇڭ سۆيلەپ قېشىغا.

دەككىسىنى يەپ قايتقاچ پالاقلاپ،
ئاتاڭنى ئۇ شۇم بەككە چېقىپتۇ.
ۋەھشى چايانىنىڭ ئوغىسى قايناپ،
غەزەپ-قەھرىگە ئوتلار يېقىپتۇ.

كېچە يېرىمدىن ھالقىغان چاغدا،
دوغا-يايلار بېسىپ كېلىشتى.
قالدۇرۇپ مېنى ھىجراندا-داغدا،
ئاتاڭنى باغلاپ ئېلىپ كېتىشتى.

پەريات كوتەرسەم ئۇرۇلدى چوماق،
يىقىلدىم يەرگە. ھوشۇمدىن كېتىپ.
ھاياتقا يېڭى كوز ئاچقان بوۋاق،
سەن قالدىڭ شۇ چاغ يىغلاپ تېلىقىپ...

3

قىناپتۇ زالىم ۋەھشى قان ئىچەر،
ئاتاڭنى ئېسىپ تېرەك شېخىغا.
گۇناسىز تەنگە ئۇرۇپ تىغ-نەشتەر،
دوزاق ئازاۋىن ساپتۇ بېشىغا.

ئېلىپ كېلىشتى ھارۋىغا سېلىپ،
ئەرتىسى ھۇشسىز ھالەتتە ئۇنى.
—ئۇلسە ھەم مەيلى،—دەپتۇ بەگ كايىپ، —
بىر داچەڭگمۇ ئەرزىمەس خۇنى!...

ئاتاڭ رەھمىتى ئاشۇ كېچىدە،
يۇمدى كوزىنى زۇلۇم دەستىدىن.
قانلىق قىساسى قېلىپ ئىچىدە،
تاپالماي ئامان زالىم قەستىدىن.

قالدىم پاناسىز شورلۇق ئاجىزە،
دەھشەتلىك كۇنلەر ئوتتى بېشىمدىن.
مەڭگۇ ئۇنتۇلماس ئاشۇ خاتىرە،
تا ئومۇرۋايەت چىقماس ئېسىمدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 4

كونا تارىخ بۇ ئۇتمۇشكە باغلىق،
ئۇنىڭ ھەر قۇرى يېزىلغان قاندىن.
يېتىم-يېسىرلار تاپتۇق نىجاتلىق،
شانلىق ئۇكتەبىر قۇياشلىق تاڭدىن.

ئازاتلىق نۇرى زۇلمەتنى سۇرۇپ،
بىزلەرگە يېڭى ھايات باشلاندى.
شۇ نۇرلۇق تاڭدا ئارزۇسى كۇلۇپ،
مەرھۇم ئاتاڭنىڭ روھى شاتلاندى...

تۇنجى بولۇپ سەن ئەۋلادىمىزدىن،
مەكتەپ قوينىغا كىردىڭ شەرەپلىك.
تىلسىملار سىرىنى ئىگەللەپ پەندىن،
قابىل ياش بولغىن ئەلگە كېرەكلىك.

نادانلىقتىن قاچ، ئىلىمنى ياقلا،
تىرىشىپ ئوقۇ، قالمىغىن دەرستىن.
ئەلنىڭ ئۇمىدى، ئەجرىمنى ئاقلا،
ئېيتقان سوزۇمنى چىقارماي ئەستىن...“

ئانا ئۇمىدىن ئاقلاشقا ئوغۇل،
قىلدى قەسەمىيات، كىرپىگىدە نەم.
پارلاق كەلگۈسى مەنزىلگە ئۇدۇل،
جاسارەت بىلەن تاشلىدى قەدەم.

1960 - يىل، ئۈرۈمچى.

## نەي

كىمدۇ، بىرى نەي چالار،
چېكىپ يۈرەك تارىنى.
ئىنتىزار بوپ يا يىگىت
چىللامدىكىن يارىنى؟

مۇڭلۇق كۈيگە جۆر بولۇپ،
پەقەت بۇلبۇل ئۈن قاتار.
قىزدىن تېخى دېرەك يوق،
يۇلتۇز ئوچۇپ، ئاي پاتار...

نەي ئاۋازى تارقىتار،
ئاشىق كوڭۈل زارىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلمەمدىكىن قىز ئەجەپ،
سېغىنىش ئازاۋىنى؟...

1960 - يىل، ئۈرۈمچى.

## مېھنەت

ئىنسانلار ئۆمرىنىڭ قىممىتى مېھنەت،
تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى، زىننىتى مېھنەت.
ماقال بار: "مېھنەتنىڭ تېگى ھالاۋەت"،
مېھنەتتىن ئارزۇلار تاپار كامالەت.
باغلىنىپ ھاياتلىق قىسمىتى بىلەن،
راھەتكە يول ئاچار خىسلىتى بىلەن.
نۇر بېرىپ ئىجتىھات، ئەقىل - ئىدراككە،
كوتىرەر ئىنساننى كوككە - يۈكسەككە.
كوز سالساڭ تارىخقا، بېرىدۇ خەۋەر:
مېھنەتتىن قۇرۇلغان كۆرمىڭلاپ شەھەر.
مېھنەتتىن بىخ سۈرۈپ ئېچىلار گۈللەر،
مېھنەتتىن بوستانغا ئايلىنار چوللەر.
مېھنەتتىن مېۋىلەر باغلايدۇ شەرۋەت،
مېھنەتتىن تۇغۇلار گۈزەللىك - سەنئەت.

ئۇ بىلەن ئىز قالار ئۆتكەن دەۋرىدىن،
شۇڭلاشقا ئىش-مېھنەت ئۇلۇغ ھەممىدىن.
چىڭ پولات ئايرىلار يالقۇنلۇق پىچتا،
ئىنساننىڭ قىممىتى ئۆلچىنەر ئىشتا.
ھەر كۈنۈڭ غەنىمەت، دوستۇم، شۇنى بىل،
ئەل ئۈچۈن تەر توكۈپ ئىجات-مېھنەت قىل.
يار بولسۇن گۈللىنىش ئۆمۈر پەسلىڭگە،
ئەمگىكىڭ مول مېۋە بەرسۇن نەسلىڭگە.
كەتمەيسەن شۇندىلا ئىزسىز-توزسىز،
ياد ئېتەر ئەۋلاتلار سېنى شۈبھىسىز.

1961-يىل، ئاقسۇ.

## تۇغۇلغان يەر

گۈزەل يۇرتۇم — تۇغۇلغان يېزام،
قوينى جەننەت ئۆمۈر يايلىغىم.
مېھرى بۇلاق، ئىجادىمغا كان،
ئىشقى لەززەت، سويگەن ئامرىغىم.

كىندىك قېنىم باغرىڭغا تامغان،
ھورمىتىڭنىڭ يوقتۇر پايانى.
يۈرەك ناخشام سەن ئۈچۈن يانغان
مۇھەببەتنىڭ پۈتمەس بايانى.

ئۆچۈپ ئۆتكەن يىللار شامىلى،
مېنى بىر چاغ ئايرىدى سەندىن.
ھىجران پەيتى سۇنمىدى ئەمما
پاك ئىشقىڭنىڭ يالقۇنى تەندىن.

چۈنكى مەندەك سەبى گودەككە،
بولدۇڭ دەسلەپ مېھرىۋان ئانا.
ئاشۇ ئىخلاس ـ ئەقىدەم مېنى،
ئېلىپ كەلدى قوينۇڭغا يانا!

گۈل ـ چېچەكتىن سالدى پاياندار،
ماڭا تونۇش قەدىناس يوللار.
بېغىشلاپتۇ ھوسنۇڭگە زىننەت،
ئوت يۈرەكلەر، ئىجاتكار قوللار.

چەت قىرغاقتا سوقا ـ تۈگمەننىڭ
گۈلدۈرلەيدۇ ياڭراق ساداسى.

جانلاندۇرغان پۈتۈن ئەتراپنى
ئىشچانلارنىڭ ناخشا ـ ناۋاسى.

قول كوكسۇمدە، قايناق بىر سېزىم
تاشتى دىلدىن ساڭا "سالام!" دەپ.
قۇچاق ئاچتىڭ مېھرىڭنى توكۇپ،
"خوش كېلىپسەن، ئوماق بالام!" دەپ.

قۇچىغىڭدا ئوتكەن ھەر مىنۇت،
شۇنچە شىرىن، شۇنچە يېقىملىق.
سەندە ئوسكەن ھەر توپ گىياغا،
چىڭ يۈرەكتىن سەزدىم يېقىنلىق.

سېنىڭ مۇنبەت قوينۇڭدا ئەمدى،
يىلتىز تارتىپ قالىمەن ئەبەت.
چوللىرىڭنى گۈلگە ئورايمەن،
توكۇپ تەرنى، سىڭدۇرۇپ مېھنەت.

1961 ـ يىل، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئالما كوچىتى

توكۇپ ئىللىق ھارارەت،
قۇياش كۈلۈپ باققاندا؛
زېمىن ئەكچىپ، قار سۈيى
ئەگىز بولۇپ ئاققاندا؛

ئىشقا چۈشتى نۇر بوۋاي،
كەتمەن ئېلىپ قولىغا.
كوچىتىنى ئالمىنىڭ
تىكتى ئېرىق بويىغا.

قاياقتىندۇ يۈگۈرۈپ،
يېتىپ كەلدى نەۋرىسى.
نەزەر سالدى ئالمىغا،
كېلىپ زوقى-ھەۋىسى.

بىردىن گودەك قەلبىنى
قىزىق خىيال ئورىدى.

بوۋىسىغا ئەركىلەپ،
مۇنداق سوئال سورىدى:

— كوپ چاغ ئوتەر بۇ كوچەت
گۇللەپ مىۋە بەرگىچە.
بولارسىزمۇ ئالەمدە،
ئاتا ئېغىز تەككىچە؟...

بوۋاي بىر پەس كۆلكىدىن
تۇتالمىدى ئوزىنى.
چۈشەندۈرۈپ گودەككە
ئېيتتى يۈرەك سوزىنى:

— ئەلنى ئۇنتۇپ، ئوزىنى
ئويلىغان چىن ئەر ئەمەس.
قويغان مۇشۇ كوچىتىم،
ئەلگە سايە بولسا، بەس!

مىنى ئەسلەر، يىگەندە
ئەجرىم سىڭگەن يىمىشتىن.
ئەرگە ئېغىر ئويات يوق
ئىز قالدۇرماي كېتىشتىن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ سوز گودەك قەلبىگە
شىرىن ئارزۇ-ئۇت سالدى.
پىشقان قىزىل ئالمىلار
كوز ئالدىدا جانلاندى.

كەتمەن ئىلىپ قولىغا،
بوۋىسىغا قاراشتى.
قاتار-قاتار كوچەتلەر
مەلىگە زەپ ياراشتى.

ياش يۈرەكتە هاياتنىڭ
ئىشقى ياندى چوغ بولۇپ.
مېهنەت بىلەن باغ ياسار،
ئۇمۇ ئۇسۇپ چوڭ بولۇپ.

1962-يىل، قەشقەر.

## ئالجىر قىزىغا

(«ئالجىرىيە قىزى» ناملىق كىنو فىلىمىنى كورگەندىن كېيىن)

ئالجىر قىزى قەهرىمان قىز،
باتۇر خەلقىنىڭ پەخرىسەن.

دۈشمەنلەرگە قايناپ ـ تاشقان
ئەلنىڭ غەزەپ ـ قەھرى سەن.

قەسەم بەردىك قورال ئۇشلاپ،
ئۇز بۇرچۇڭنى ئاقلاشقا.
ياۋۇز نىيەت قانخور ياۋدىن،
ئەلنى ئامان ساقلاشقا

"خەلقىم ئازات ياشىسۇن ھور"،
دىگەن ئارزۇ ـ ئارماندا؛
ھالاك بولدى جەسۇر ئاتاڭ،
جەڭدە ـ قانلىق مەيداندا.

كوكرەك كىرىپ، گويا شىردەك،
باستىڭ ئاتاڭ ئىزىنى.
ئوت ئىچىدە كوردى ۋەتەن،
سىنى ـــ باتۇر قىزىنى.

يەكسان بولدى كورەڭلىگەن
زوراۋانلار ھەيۋىسى.
قايىل قىلدى يەر ـ جاھاننى،
ئالجىرلىقنىڭ غەلىبىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالەمشۇمۇل زور غەلىبىدە،
سېنىڭ ئۇلۇغ ھەسسەڭ بار.
ئەلنىڭ قوشاق-كۈيلىرىدە،
سېنىڭ ئوتلۇق قىسسەڭ بار.

تارىخ ھوكمى شۇ ئەزەلدىن،
تاڭ يورۇتار زۇلمەتنى.
قۇل قىلالماس زوراۋان كۈچ،
ھورلۇك سويەر مىللەتنى!

1963-يىل، قەشقەر.

## بوۋاق

ۋىلىق-ۋىلىق كۈلسەڭ تەلپۈنۈپ،
ۋۇجۇدۇمغا سىغماس شاتلىغىم.
چۈنكى پەرزەنت ھايات مېۋىسى،
مېۋە بەردى مېنىڭ ياشلىغىم!...

ھاياتىمنىڭ خوشلۇغى ئۆزۈڭ،
ئۈيىمىزنىڭ نۇرلۇق چىرىغى.

ئوماق كۆلكەڭ ھەم شېرىن سوزۈڭ،
ئارزۇلارىنىڭ قاينام بۇلىقى.

ساپ ئالتۇندەك بىغۇبار قەلبىڭ،
ئەسلىتىدۇ پەسلى باھارنى.
نۇر جۇلالاپ تۇرغان يۈزلىرىڭ،
تاڭ قالدۇرار ئالما-ئانارنى.

نۇسخا ئاپتۇ بەستىڭ سەرۋىدىن،
بۇدرە چىچىڭ قارا — قۇندۇزدەك.
ئوت چاقنايدۇ شەھلا كوزۇڭدىن،
كوكتە يانغان چولپان يۇلتۇزدەك.

ساڭا ئاتاپ شېئىرلار يازسام،
كۈيۈم دىلغا يېقىپ چىقىدۇ.
قەلبىڭدەك ساپ، راۋان مىسرالار
يۈرىگىمدىن ئېقىپ چىقىدۇ.

ۋەتەن مېھرى بىلەن ئۇلغىيىپ،
تول قۇدرەتكە، تېپىپ كامالەت.
قانات قىلغىن ئىلمۇ-ئىرفانىنى،
بولسۇن غايەڭ ھورلۇك، ئادالەت.

1963-يىل، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## سويگۇ ئىسپاتى

دوستۇم دىدى: "ھەيرانمەن، قىزغا
سويگۇنۇمنى قىلالماي ئىزھار.
قانچە قىلسام، بۇ قورغۇر تىلغا
بىر يېقىملىق سوز كەلمەس زىنھار..."

دىدىم: "سولماس باغلار ئوستۇرۇپ،
ئەتكىن قىزغا مۇيەسسەر تارتۇق؛
چىن مۇھەببەت ئۇچۇن، بۇرادەر،
بارمۇ ئىسپات بۇنىڭدىن ئارتۇق".

1963 - يىل، قەشقەر.

## دولقۇنلار قوچىغىدا

ئۇزۇن يول يۇرۇپ پۇتكەندە دەرمان،
قىسقارتماق بولۇپ كېلىشتۇق يولنى.

تاشقىن دەريادىن، تۇرۇپ يانمۇ-يان
ئۇتتۇق ئىككىمىز تۇتۇشۇپ قولنى.

قەھرلىك ئېقىن ئۇرۇپ، ھالاكەت
ئۇگكۈرى تامان سورەيتتى ئاياق.
لېكىن خەتەرنى يەڭدى ئاقۋەت
ۋىسال ئارزۇسى، ئۇتلۇق ئىشتىياق.

دولقۇنلار يېرىپ قۇچىمىز زەپەر،
ئۇمىت ۋە ئىشەنچ يار بولغاچ بىزگە.
دىلبىرىم، ئالغا تاشلىغىن نەزەر،
چىمەنلىك قىرغاق كورۇندى كوزگە!...

1963-يىل، قەشقەر.

## قىش

ئېتىز-قىرلار چوككەن ئۇيقۇغا،
ھوزۇر ئەيلەپ قىشنىڭ قارىدىن.
دەل-دەرەخلەر ھوسنىنى بېزەپ،
تون كىيىپتۇ ئاپپاق شايىدىن.

زوقۇم تېشىپ ھەيرەتتە قالدىم،
تەبىەتنىڭ ماھارىتىدىن.
يۈزلىرىمدە ئېرىمەكتە قار،
ۋۇجۇدۇمنىڭ ھارارىتىدىن.

ئەتراپتا قىش،
لېكىن يۈرەكتە
سەزدىم ئىللىق باھار نەپىسىنى.
سوغ قىشمۇ ئانا ۋەتەنىنىڭ،
ئەسلىتىدۇ چېچەك پەسلىنى.

1964-يىل، قەشقەر.

## ئېسىمگە سالدى

يەنە باھار...
ئۆز ئۆيۈمدىمەن،
كىزەر دىلدا ئانا يۇرت كويى.
ھاياتىمغا بەرمەستىن ئارام،
خىيالىمنى چۇلغار قاشا تام —
خوشنامنىڭ ئۆيى.

تام يېنىدا بار كىمدۇر بىرى،
(بەزەن غىل-پال كورۈنەر ئۆزى).
شەھلا كوزلەر...
كىرپىگى پەردە،
شوخ بۇلبۇلدەك گاھ ئۇرار خەندە،
خوشنامنىڭ قىزى.

كوزلىرىمنى قاراپ كوزنگە
باققىنىمدا قىزىرىپ قالدى.
ئاشۇ ھالەت خاتىرى ئۇچمەس
باللىقنى ئېسىمگە سالدى...

**1964-يىل، قەشقەر.**

## ئىبرەت ئەينىگى

سۇگگۇچ ئۆزىنى قۇشلارغا "ناخشىچى" دەپ ماختىدى،
كۈيلەش ئۈچۈن راسلىنىپ، قىردىن-قىرغا تاقلىدى.
قانداق قىلسۇن بىچارە؟
چىقمىغاچقا ئاۋازى،
"پۇتۇپ قاپتۇ ئاۋازىم" دەپ ئۆزىنى ئاقلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

بولغاچقا مەن بەھرىمەن بۇ ئىبرەتنى كورۇشتىن،
تۇتالمىدىم ئۇزەمنى ئاچچىققىنا كۇلۇشتىن.
بۇ ئەھۋالنى، دوستلىرىم، قىلىپ ئىبرەت ئەيىنگى،
ھاياتىڭدا ئۇنتۇلماس ساۋاق ئالغىن تۇرمۇشتىن.

1965 ـ يىل، قەشقەر.

## باھار پەيزى

باھار كەلدى،
يىشىل كىمخاپ چۇشەپ يەرگە،
نەقىش ئويغان ئاڭا رەڭدار چىچەكلەردىن.
زىلۋا تاللار خۇددى قىزدەك ياسىنىپتۇ،
گۈزەللىككە تولۇپ مۇنچاق ـ بىزەكلەردىن.

ناخشا كۈيلەپ نەۋ باھارنىڭ شوخ ئەلچىسى —
قالىغاچلار ئۇچۇپ كەلدى يىراقلاردىن.
باھار سۈيى شاۋقۇن سېلىپ ئاقار تىنماي،
ئېتىزلارغا ئېرىق ـ ئۇستەڭ، بۇلاقلاردىن.

ئىپار چېچىپ سوقتى تاغدىن غۇر-غۇر شامال،
خوشاللىقنىڭ قايىنىمغا كومۇپ جاننى.
قىز-يىگىتلەر ئىشقا ماڭدى تۇشمۇ-تۇشتىن،
ئويغىتىپ شوخ ناخشىسىدا گۈزەل تاڭنى.

بىر نەقىل بار: "يىلنىڭ ئىشى ئەتىيازدىن"،
قىزغىن مېھنەت ئەيىيامى بۇ — چېچەك پەسلى.
نوۋرۇز ئۇلۇغ مەرەم ئىكەن ئەجداتلارغا،
گۈلباھارغا ئاشىق شۇڭا ئۇنىڭ نەسلى.

ئالدىرايدۇ ئوت يۈرەكلەر تېرىم باشلاپ،
ئىچمەك ئۈچۈن ئىش-ئەمگەكنىڭ شەرۋىتىنى.
باھار پەيزى جارى قىلىپ خىسلىتىنى،
ئۇرغۇتۇپتۇ ئىشچانلارنىڭ غەيرىتىنى.

1966-يىل ئاپرېل، قەشقەر.

## زاۋۇتتا

(زىيارەت خاتىرىسى)

تۇرلۇك رەختلەر تىزىلىپتۇ رەتمۇ-رەت،
زاۋۇتتىكى نۇسخا ساقلاش ئورنىغا.

يۈرىگىمدە دولقۇنلىنىپ ھاياجان،
چوكۇپ كەتتىم قايناق ھىسلار قوينىغا.

ئاق خالاتلىق، غۇنچە بويلۇق ئىشچى قىز،
مېنى كورۇپ كەلدى دەرھال يېنىمغا.
تونۇشتۇردى يېڭى نۇسخا رەختلەرنى،
ھەر بىر سوزى چىلك ئورناشتى دىلىمغا.

كوز چاقنىتىپ جۇلالايدۇ شۇ رەختلەر،
گۇل-چېچەكتەك نەۋ باھاردا ئېچىلغان.
جۇلالايدۇ، گويا تىنىق ئاسماننىڭ
يۇلتۇزلىرى رەخت ئۇستىگە چېچىلغان.

ئالقىشلىدىم ئۇقۇپ قىزغا ئاپىرىن،
قايىل بولۇپ مۇنچە يۇكسەك غەيرەتكە.
تۇرۇپ قالدىم ئۇزەلمەستىن كوزۇمنى،
مەپتۇن بولۇپ بۇ ئاجايىپ سەنئەتكە.

خوشلاشقاندا دىدىم ئىشچى سىڭلىمغا:
—گۇزەل ئىكەن توقۇپ چىققان رەختىڭىز.
توختىماستىن ئۇرلەڭ زەپەر-شان قۇچۇپ،
كۇرەش بىلەن چېچەك ئاتسۇن بەختىڭىز!

1966-يىل مارت، قەشقەر.

## جەگچىنىڭ قەلبى

كەچكى شەپەق ئوچتى ئۇپۇقتىن،
تۇن قوينىغا چوكتى تاغۇ ـ تاش.
چېگرا ساقلار جەگچى گوزەتتە،
كوزلىرىدە بۇركۇتتەك قاراش.

سوغ شۇۋىرغان ۋىژقىراپ تاغدىن،
قار قويۇنى ئەتراپتا كېزەر.
لېكىن يىگىت قەلبىدە ئوتلۇق
ھارارەتنىڭ تەپتىنى سېزەر.

دىلدا كەزگەن ۋەتەن مېھرى ئۇ،
چىن مۇھەببەت يالقۇنى بولۇپ.
جەگچى ساقلار چېگرىنى ئامان،
ھور ۋەتەننىڭ قالقىنى بولۇپ.

1967 ـ يىل، قەشقەر.

# پارچىلار

بەخت كەلمەس ھېچقاچان،
ئۆزلۈگىدىن ئىنسانغا.
جاندىن كېچىپ چېلىشقان،
يېتەر ئارزۇ-ئارمانغا.

*　　*　　*

كوككۆل دىگەن تىزگىنسىز،
باشلار سېنى ھەر ياققا.
مەپتۇن بولما ئۇرۇنسىز،
قۇرۇق شوھرەت، ئاتاققا.

كەمتەرلىكنى قىلغىن يار،
ئوي-پىكرىڭدە، ھەر ئىشتا.
كەمتەرلىكتە خىسلەت بار،
ئالغا ئۇندەر تۇرمۇشتا.

*　　*　　*

مېھنىتىڭ قۇم چولگە سىڭسە، شۇ يەردىن
باغ ھاسىل بولغۇسى ياشناپ گۈل-چېچەك.

كۈرەشتە توكۇلگەن قان بىلەن تەردىن،
يۈز ئاچار ئىستىقبال — نۇرلۇق كېلىچەك.

*　　*　　*

تۇرمۇشنىڭ ئېغىرى-جەۋرىسى بولار،
يەڭمەكتۇر شۇلارنى ھايات مەنىسى.
ۋە لېكىن ھەممىدىن ئېغىر تۇيۇلار،
دۈشمەننىڭ كۈلكىسى، دوستنىڭ تەنىسى.

*　　*　　*

ئۇپقۇنلار باغرىنى يېرىپ كاراپتەك،
ئۈرلەيمەن شىددەتلىك دولقۇن-قاينامدا.
ئارزۇلار ۋەسلىگە قانغاي بۇ يۈرەك،
چىن ۋىسال ئەيىامى — شانلىق بايرامدا.

*　　*　　*

جۇدالىق ھەسرىتى قەلبىمگە تولۇپ،
ئورتىنەر ۋۇجۇدۇم ئىشقى-پىراقتا.
مەن كۈتكەن ۋىسالنىڭ بەلگىسى بولۇپ،
ئۇمىدىم يۇلتۇزى پارلار ئۇزاقتا.

*　　*　　*

ئۇلۇغۋار غايەمگە باغلاپ ساداقەت،
كۈرەشكە جان تىكىپ چۈشتۇم مەيدانغا.
يېڭىلمەس ئىرادە، مەرتلىك، جاسارەت،
يەتكۈزەر شۈبھىسىز كۈتكەن ئارمانغا.

1958 — 1967-يىللار، ئۈرۈمچى — قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## قىزغا

ئاسرىغىن
ياشلىغىڭ ــ سائادىتىڭنى،
پاك ساقلا ۋىجدانىڭ، نومۇس ـ ئارىڭنى.
ياشلىغىڭ گۈلگە ئالدامچى قويۇن
قول سوزسا، ناز بىلەن ئەگمىگىن بويۇن،
چۈنكى ئۇ سولدۇرار گۈلباھارىڭنى.

1968 ـ يىل فېۋرال، قەشقەر.

## گۈلجاھان
(داستان)

### مۇقەددىمە

"يالغۇز قەۋرە" نامىنى ئالغان
بىر مازار بار، ئەتراپى يۇلغۇن.

كېلەر بەزەن ھالىدىن تايغان
شورلۇق ئانا، يۈزلىرى سولـغۇن.

شۇ تۇپراقتا كومۇلگەن ئۇنىڭ،
يالغۇز قىزى — يۈرەك پارىسى.
مۇسىبەتتە ئېزىلگەن دىلنىڭ،
كوكنى قۇچار پىغان-نالىسى.

ھەر يولۇچى ئۇتسە بۇ يەردىن،
قىز روھىنى يوقلار دۇئاسى.
بىر ھىكايە ئاڭلىدىم ئەلدىن،
"يالغۇز قەۋرە" — تارىخ گۇۋاسى.

1

گۇلجاھان!
گۇلجاھان!..
بولۇپ رىۋايەت،
قىشلاقتا ئاشۇ نام چۇشمەس تىللاردىن،
(زالىملار خەنجىرى سالغان جاراھەت،
ئىزلىرى ئۇچمىگەن تېخى دىللاردىن!..)

جاپاكەش ئاتىنىڭ نامرات ئۆيىدە،
يوق ئىدى زەررىچە بايلىقتىن نىشان.
شۇندىمۇ كوڭلى توق ئىدى ئۆمرىدە،
بولغاچقا پەرزەندى ــ ئىسمى گۈلجاھان.

قاراڭغۇ كەپىنىڭ چىرىغى ئىدى،
بوي ـ بەستى گۈل ـ غۇنچە، كوزلىرى خۇمار.
كوڭۈلسىز تۇرمۇشنىڭ قىزىغى ئىدى،
ئارزۇلاپ بويىنغا ئاسقان تىل تۇمار.

كۈلپەتلەر ئىلكىدە قۇرۇغان ئانا
كەتمەيتتى يېنىدىن پەرۋانە بولۇپ.
رەشكتە ئورتەنسە قىزلارنىڭ دىلى،
يىگىتلەر ئىشقىدا يۈرگەن ئاھ ئۇرۇپ.

مومايلار ئۈچ ـ تورتى يىغىلغان جايدا،
گۈلجاھان ھەققىدە بارار ئىدى گەپ:
ــ ئۇنىڭغا يەتكۈدەك قىز دىگەن قايدا؟
ئارمىنىڭ يوق ئىدى كېلىن قىلساڭ! ــ ...دەپ.

## 2

ۋە لېكىن بىردىنلا چىقىپ سوغ شامال
توزۇتتى دىلدىكى ئۇمىت گۈلىنى.
غۇنچىنى بەرگىدىن ئۈزمەكچى بولۇپ،
ئۇزاتتى شۇم ھۇقۇش ياۋۇز قولىنى.

يۇرت چوڭى ھاشىمبەگ سوۋغىلار بىلەن،
ئاتىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزدى.
— سورايدۇ گۈلقىزنى بېگىم ئوزىگە، —
دەپ ئۇلار شۇم خەۋەر گەپنى يەتكۈزدى.

يۈرىگى جىغىلداپ بەختسىز ئانىنىڭ،
ئەنسىزلىك تۇمانى چولغىدى ئۇنى.
— مۇناسىپ ئەمەس بىز مۇنچە "ھورمەت"كە،
رەنجىمەي بېگىمگە ئېيتىڭلار شۇنى:

توي قىلىش ھازىرچە ئويىمىزدا يوق،
ئەمدىلا ئون تۆتكە كىردى گۈلجاھان.
گەر يوقسۇل بولساقمۇ قولىمىزدا يوق،
بارنى تەڭ كورەرمىز، بولساق تېچ-ئامان..

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

— قىزىڭىز بېگىمنىڭ راسا ئۇز خىلى،
ماقۇل دەڭ مۇنچىلا قىلماستىن كاجلىق...
— يەتمىشتىن ھالقىدى بېگىمنىڭ يېشى،
شۇندىمۇ ئۇچ خوتۇن قىپتىمۇ ئازلىق؟!

بىر پۇتى يەردىيۇ، بىر پۇتى گوردە،
ئالجىماي ئولتۇرسۇن، يىغسۇن ھوشىنى!...
— شۈكرى دەڭ، بىمەنە گەپلەرنى قويۇپ،
ئۇچۇرماڭ قولدىكى بەخت قۇشىنى!...

— كۇندەشلەر ئۇستىگە قىزىمنى بېرىپ،
قەلبىنى ئازاپتىن قىلمايمەن پارە!...
ئاخىرقى جاۋابى شۇ بولدى ئۇنىڭ،
ئەلچىلەر قايتىشتى تاپالماي چارە.

3

يېپىشتى ئولجىغا قارا چاڭگاللار،
شۇم ھۇقۇش تىرنىغى پاتتى يۇرەككە.
گۈلجاھان زار يىغلار،
قەلبىنى تىلغار،
ئاھ! دىسە نالىسى ئورلەر پەلەككە.

تىترەيدۇ ۋۇجۇدى خۇددى ياپراقتەك،
توختىماس كوزىدىن قان-ياش تامچىسى.
بەگ زورلاپ ئالماقتا ئۇنى ئۆزىگە،
مەھكۇمنىڭ بېشىدا زورلۇق قامچىسى.

گۇلجاھان ئۆيىدە بولماقتا ھازا،
تاغ كەبى يەلكىدىن باسقاچ مۇسىبەت.
شاتلىققا كومۇلگەن بەگنىڭ قوراسى،
كۇتەتتى توي ئەھلى نىكانى پەقەت...

كۇن تاققا باش قويدى،
كەچكى شەپەقتىن
قان رەڭلىك تون كىيدى ئۇپۇق ۋە دىيار.
توي ئەھلى قىز يوتكەش ئۈچۈن يول ئالدى،
ئېيتىشىپ ئايالالار مۇڭلۇق "يارى-يار":

ھاي-ھاي يولەن، ھاي يولەن،
گۇل قايدا بار يارى-يار.
بىر ياخشىغا بىر يامان،
ھەر جايدا بار يارى-يار.

تەقدىر مېنى چالمىدەك
چولگە ئاتتى يارى-يار.

شاختىن ئۆزگەن ئالمىدەك
پۇلغا ساتتى يارى-يار.

پاقىرايدۇ قولۇمدا،
تىللا ئۈزۈك يارى-يار.
تەلپىمنىڭ يوقىدىن،
كوڭلۇم ئۈزۈك يارى-يار.

4

كۆلىمدى بۇ ئاخشام كوكنىڭ پەرىسى،
يۇلتۇزدىن كوز مۇنچاق ئېسىپ بويىنغا.
بىر كىمنىڭ ھەسرەتلىك پىغان-نالىسى
تارقالدى شۇ چاغدا تۈننىڭ قوينىغا:

"ئاھ، مېنى قايسى كۈن تۇغدىڭ ئانام،
مۇنچىلىك بەختسىز، شورلۇق پىشانە؟!
يا خەستە جىسمىغا پۈتۈلگەندە جان،
ئىز بولۇپ قالغانمۇ قارا نىشانە؟!

زالىملار بەختىمگە قويۇپ دام-تۇزاق،
چەيلەشنى قەستلىدى گۈلباھارىمنى.

رازىمەن ئۇلۇمگە مەھكۇم ياشاشتىن،
ساقلايمەن پاكلىغىم، نومۇس-ئارىمنى!

رازى بول ئاق سۈتۈڭ، ئەجرىڭگە، ئانا.
كەچۈرگىن قىزىڭنى — بەختى قارىنى.
خوشلاشتىم ھاياتتىن
ساقايتىش ئۈچۈن،
چارە يوق قەلبىمگە چۈشكەن يارىنى...»

شورلۇقنىڭ نالىسى توختىدى، تىندى،
ھاياتلىق شامىنىڭ يالقۇنى سۈندى!...

5

سۈبھى-تاڭ ئالەمگە يايغاندا قانات،
چېكىندى قارا تۈن، تارقىدى تۇمان.
ئالدىدا باغرى قان قىشلاق ئەھلىنىڭ،
دەھشەتلىك بىر ھالەت بولدى نامايان.

ئەتراپتا قوي بېقىپ يۈرگەن باللار،
سېسىق كول ئىچىدىن جەسەت تېپىشقان.
ۋادەرىخ!... بۇ ئىدى بىزنىڭ گۈلجاھان،
ئۈستىگە لاي بىلەن لەشلەر يېپىشقان.

www.uyghurkitap.com

كوز نۇرى قىزىدىن ئايرىلغان ئانا،
يوقاتتى هوشىنى، كېچىپ بارىدىن.
دىللارنىڭ پىغانى ئورلەپ قىيانده‌ك،
يىغلىدى تاش-تۇپراق ئەلنىڭ زارىدىن.

جىنازا ئۇستىگە يېپىلدى يوپۇق،
بەرگىدىن ئۈزۈلگەن سېرىق ياپراقتىن.
ئارزۇسى قانمىغان بىر ئوتلۇق يۈرەك،
جاي ئالدى مەڭگۈگە قارا تۇپراقتىن.

ئاتالدى بۇ مازار "يالغۇز قەۋرە" دەپ،
ئاياندۇر بىر قىسسە ئۇنىڭ نامىدىن.
زورلۇققا تاش ئاتقان ئىسيانكار قىزنىڭ
خاتىرى ئوچمەيدۇ ئەلنىڭ يادىدىن.

1960-يىل، ئۈرۈمچى.

# پامىر ئىلھاملىرى

## تاغلار ساداسى
(يول تەسىراتلىرى)

بۇلۇتقا بوي سوزغان تاغلار گەۋدىسى،
يۇدۇپتۇ ئەسىرلىك مۇز بىلەن قارنى.
ھەدىيە ئېيتىپتۇ سېخى تەبىئەت،
ئۇنىڭغا شۇنچە كەڭ-پايانسىز جاينى.

چولغىنىپ ئويلارغا قىلدىم مەن خىتاب:
—بولساڭچۇ ئەي تاغلار ئېكىنزار مەيدان.
يا كاشكى ئايلانساڭ ئەزىم دەرياغا،
سۇلىرىڭ چوللەرگە بەخش ئەتسە جان.

گۇلدۇرلەپ تاغلاردىن چىقتى بىر سادا:
—بىلگىنكى، ئەجەپ زور خىسلەت بار مەندە.
مۇقەددەس بۇرچۇمنى قىلىمەن ئادا،
خوشالمەن يارالغاچ شۇ ئەزىز ئەلدە.

پولاتتىن مۇستەھكەم ۋۇجۇدۇم ـ تېنىم،
جەڭلەردە ۋەتەننىڭ كوكسىگە قالقان.
دۇشمەننىڭ تانكىسى، تومۇر قۇشلىرى،
توسۇلۇپ گەۋدەمدە ئەيلىنەر تالقان.

ھەر تېشىم دۇشمەنگە ئەجەللىك بىر ئوق،
ساي ـ جىلغام ئۇلارغا قېزىلغان لەھەت.
قارلىرىم ياۋ ئۇچۇن پىچىلغان كېپەن،
ۋەتەننى خەتەردىن ساقلايمەن ئەبەت...

ھورمەتتە كوز تىكىپ دىدىم: "ئەي تاغلار،
يۈكسەلگىن، ئاسمانغا تاقاشسۇن بېشىڭ.
تەبىي قورغانسەن ئانا ۋەتەنگە،
ئالتۇندىن قىممەتتۇر ماڭا ھەر تېشىڭ!..»

شاتلىنىپ بەختىيار نەپەس ئالىمەن،
شىپادۇر قەلبىمگە تاغنىڭ ھاۋاسى.
دۇشمەنگە ئېلىمنىڭ غەزەپ ـ قەھرىدەك،
ياڭرايدۇ ھەيۋەتلىك تاغلار ساداسى.



ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## خەلقىم — غۇرۇرۇم

ئىگىز كوككە بوي سوزغان يۇكسەك — ئەزىم تاغلارنىڭ،
مويسىپىتلىك تۇرقىدا ئاق قونۇپتۇ بېشىغا.
ئىشچان، باتۇر خەلقىمنىڭ تارىخىنى ئەگەردە،
سېلىشتۇرسا تەڭ كېلەر بەلكى ئۇنىڭ يېشىغا.

ئەل قۇدرەتلىك ئەل بولۇپ تارىخىدا جاھاننىڭ،
قەد كوتەرگەن خەلق ئۇ ئۇتكەن قەدىم چاغلاردىن.
بەختىم شۇكى — جەڭگىۋار ئەجداتلارنىڭ نەسلىمەن،
شۇڭا پەخرىم - غۇرۇرۇم يۇكسەك ئاشۇ تاغلاردىن.

## چىـگرا بـۇركۇتى

قۇياش پاتـتى، كەچـكى شەپـەقـتىن
يېقىپ گۇلخان ئۇپۇق يۇزىگە.

جەلپ قىلدى تاغنىڭ باغرىدا
بىر قىزىللىق مېنى ئۆزىگە،

بۇ كورگىنىم چوغلۇقمۇ، ياكى
مالچىلارنىڭ ياققان گۇلخېنى؟
ئاڭقىرالماي تۇردۇم بىر نەپەس،
جۇشقۇنلىدى يۈرەك دولقۇنى.

بىلمەك بولۇپ ئۇنىڭ سىرىنى،
ئىختىيارسىز ماڭدىم شۇ ياققا.
بولدى پەيدا ئەجەپ مەنزىرە،
مەن يېقىنلاپ كەلگەندە تاققا.

قورال ئۇشلاپ تۇراتتى بىر قىز،
جەسۇرانە قەددى ـ قامىتى.
قاراشلىرى تېتىك ۋە ھۇشيار،
قىران بۇركۇت تۇرقى ـ ھالىتى.

يەلپۈنەتتى سالقىن شامالدا
قىزىل تۇغدەك باشتىكى ياغلىق.
ئايان بولدى بارچە ئىش ماڭا،
قىزىللىقنىڭ سىرىغا باغلىق.

ئۇ قىز ئىكەن خەلق ئەسكىرى،
چېگرا ساقلاپ گۈزەتتە تۇرغان.
نۇر ئەمگەچكە ۋەتەن مېھرىدىن،
چەكسىز قۇدرەت، غەيرەتكە تولغان.

قەسەم بەرگەن ياۋۇز دۈشمەندىن
قوغداش ئۈچۈن ئانا يۇرتىنى.
باتۇر ئەلنىڭ پەخرى ئاشۇ قىز،
ئاقلار چوقۇم ۋىجدان بۇرچىنى.

## چالنىڭ ياشلىغى

گويا قىران يىگىتتەك مەزمۇت بېسىپ قەدەمنى،
يەتمىش ياشلىق قېرى چال بارار قىشلاق يولىدا.
كورسەتمەكچى بولغاندەك گويا ئەلگە كارامەت،
سورەپ كېلەر يىلۋىزنى، ئۇزۇن ئارقان قولىدا.

قىيا-چىيا كوتىرىپ چاپتى يۇگرەپ باللار،
قىشلاق ئەھلى توپلىنىپ ئورىۋالدى بوۋاينى.
— قانداق تۇتتۇڭ يىلۋىزنى؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

— بەلكى خىرىس قىلغاندۇر؟
دەپ گوياكى مولدۇردەك ياغدۇرۇشتى سوئالنى.

بوۋاي ئېيتار: "يىرتقۇچتىن ۋاپا بارمۇ ئىنسانغا؟!
خىرىس قىلىپ قويلارغا ئۇزىن ئوقتەك ئاتتى ئۇ.
كېلىشتۇرۇپ تەككۈزدۈم تۇمشۇغىغا مۇشت بىلەن.
سىرتماق چۈشۈپ بويىنغا ئەدىۋنى تاپتى ئۇ!..."

بوۋاي كۈلەر، ئەتراپقا مەغرۇرانە كوز سېلىپ،
غەلىبىنىڭ سويۇنۇپ تەنگە سىغماس شاتلىقى.
تاغدىكى قار مىسالى ئاق قونۇپتۇ بېشىغا،
لېكىن يۈرەك-قەلبىدىن قايتماس ئەبەت ياشلىقى.

## نەي قوشىغى

ھەيدەر چوپان يايلاقتا،
باقار دۈينىڭ قويىنى.
قىيا تاشتا ئولتۇرۇپ
لەۋگە قويدى نېيىنى.
ئېلىپ كەتتى شوخ شامال،
جۇشقۇن يۈرەك كۈيىنى.

سەھەرلىك كۆي ئەۋجىگە
تولدى يېشىل يايلاقلار.
ئاۋاز قوشتى شىقىراپ،
تۇرنا كوزلۇك بۇلاقلار.
تىڭشار ئۇنى تاغۇ-تاش،
تىڭشار يېقىن-يىراقلار.

چۈنكى چوپان كۆيىدە،
قايناق تۇيغۇ-ئاتەش بار.
ئۆتمۈش كۈنلەر خاتىرى،
قانلىق قىساس، كوز ياش بار.
دەۋرىمىزگە مۇھەببەت،
سويگۇ ئاتلىق قۇياش بار.

ئۆتمۈشتە ئۇ قۇل ئىدى،
چارۋىدارنىڭ مالچىسى.
ئۆكسىمەيتتى بېشىدىن
باينىڭ ئىلان قامچىسى.
ئاقار ئىدى كوزىدىن
نالە-ھەسرەت تامچىسى.

دەل ئاشۇ چاغ تاڭ يورۇپ،
ئۇپۇق يۈزى سۈزۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هەيدەر چوپان بويىندىن
قۇللۇق كىشەن ئۈزۈلدى.
ئۆملۈك كۆچتىن بەختىيار
چوڭ ئائىلە تۈزۈلدى.

ئەمدى هەيدەر كىم دېسەڭ،
يايلاقنىڭ باي مالچىسى.
سادا بېرىپ قولىدا،
قارسىلدايدۇ قامچىسى.
مەھۋا بولدى چوپانغا،
ۋەتەن-بەخت باغچىسى.

## ئىسسىق بۇلاق
(باللادا)

پامىردىكى ئىسسىق بۇلاقنىڭ
داستان ئىكەن تىللاردا نامى.
ئورنىشىپتۇ تاغنىڭ باغرىغا،
تەبىئەتنىڭ مەي تولغان جامى.
قېنىپ-قېنىپ ئىچتىم زوق بىلەن،
شىپا بەخش ئىللىق سۈيىنى.

تىڭشاپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم،
ئۇرغۇپ ئاقـقان بۇلاق كۈيىنى:
"ئۇتتى سانسىز يىللار، ئەسىرلەر،
مەن دۇنياغا يارالغان چاغدىن.
جۇدالىقنىڭ دەشتىگە چوكۇپ،
ماكان تۇتتۇم خىلۋەتتىن ــ تاغدىن.
تەقدىرىمـدىن چېكىپ نادامەت،
كوز ياشلىرىم ئاقتى بۇلدۇقلاپ.
تاش ئېرىدى زارىمغا، لېكىن
بىرمۇ ئىنسان كەلمىدى يوقلاپ.
چۇپانلارنىڭ دەرتلىك كۈيىگە
بولۇپ سىرداش، غەمكىن ئاقاتتىم.
پىغانىمنى توكۇپ يۇرەكتىن،
ئانا يەرگە كوكرەك ياقاتتىم.
شىپا بەخـش سۇلىرىم بىكار
تاشلىق ساينىڭ باغرىغا سىڭدى.
يۇرىگىمدە پەسلەپ هارارەت،
ئۇتتى يىللار،
كوزلىرىم تىندى...

* * *

كەچكۇز ئىدى،
هىجران زارىـدىن،
مۇڭغا تولۇپ كۈيلەيتتىم غەزەل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ كېيىكتەك
ماڭا قاراپ كەلدى بىر گۈزەل.
قارشى ئالدىم كۈيـلىرىم بىلەن،
مەجنۇنتالدەك زىلۋا بويلۇقنى.
تولۇن ئايدەك نۇرلۇق جامالى،
ئەسلىتەتتى قىزىل چوغلۇقنى.
بىراق...دىلىغا تولدى قان ـ زەرداپ،
شۇ گۈزەلـنىڭ ئاچچىق زارىدىن.
چاڭگال ساپتۇ زالىم چارۋىدار،
جۇدا ئەيلەپ ئۇنى يارىدىن.
ۋەھشى چالغا مەھكۇم بولۇشنى
بىلىپـتۇ ئۇ نومۇس، ئاھانەت؛
قېچىپ كەپتۇ ئەجەل غارىدىن،
سۆيگۈنىگە باغلاپ ساداقەت.
ئۈمىت شامى ئۆچـتى...
بورىلەر
قورشاپ كەلگەچ ئۇنى ھەريانىدىن.
قىز ئۆزىنى ئاتـتى باغرىمغا،
ئارمان بىلەن خوشلىشىپ جانىدىن...
بۇ دەھشەتـتىن تىترەپ كائىنات،
بەردى تاغلار گۈلدۈرلەپ سادا:
'مۇھەببەتنىڭ سادىق قۇربانى،

شەرەپ بولسۇن ساڭا، ئەلۋىدا!'...

*　*　*

شۇندىن باشلاپ خەستە تېنىمگە
قوشۇلغاندەك بولدى يېڭى جان.
گويا يۈرەك تومۇرلىرىمدىن
سۇ ئورنىغا سىزىپ چىقار قان.
'ئىسسىق بۇلاق' ئاتالدى نامىم،
بەرگەچ ئاغرىق-ئىللەتكە دەرمان.
مەنپەئەتىم يەتكەچ خەلققە،
خوشاللاندىم، يېشىلدى ئارمان."
هاياجانغا تولدۇم شۇ تاپتا،
تىڭشاپ جۇشقۇن بۇلاق كۈيىنى.
بۇلاق كۈيى ئۇلغايتتى جۇشقۇن
ئىلھامىمنىڭ كەلكۈن سۈيىنى.

## زەرەپشان ھەققىدە ئىككى شېئىر

### زەرەپشان بويىدا

زەرەپشان،
زەرەپشان،

ئەي ئەزىم دەريا،
تۈرىمەن قىرغاقتا ئىچىپ سۈيۈڭنى.
چولغۇنۇپ ئوي-پىكرىم شاۋقۇنۇڭ بىلەن،
تىڭشايمەن يېقىملىق، جۇشقۇن كۈيۈڭنى.

كەلدىم مەن بويۇڭغا، نەچچە رەت ئاڭلاپ
مويسىپىت چاللاردىن شوھرەت-داڭقىڭنى.
ئالقىشلاپ سەن مېنى ئاقتىڭ شاقىراپ،
چىللىدىڭ ئوزۇڭگە ئېچىپ باغرىڭنى.

چۇمۇلەر گوياكى سۇ پەرىسىدەك،
ئاق غازلار سۈيۈڭگە يېقىپ توشىنى.
جۇر بولۇپ قىرغاقتا سوزلەر تاغ تېرەك،
كېچە ناز ئۇيقۇدا كورگەن چۈشىنى.

ئەسىرلەر سىرىدىن ئېيتىپ كۈي-قوشاق،
يول سېلىپ يىراققا ئاقىسەن راۋان.
"سۈيۈمنى ئىچسە كىم، — دەيسەن گوياكى، —
بېسلار چاڭقىغى، قالمىغاي ئارمان".

تاغ-ئىدىر،
يايلاقلار، چوللەر باغرىنى،

پۈركەيسەن چىمەنگە بېغىشلاپ ھايات.
قېرىنداش تاجىكنىڭ ئۇمۇر تارىخى
پۈتۈلگەن داستانىسەن — نۇرلۇق كىتابات.

زەرەپشان،
زەرەپشان،
ئەي ئەزىم دەريا،
غۇلاچ ئات مەنزىلگە، ئۇركەشلەپ راۋان.
كەلگۈسى ئىقبالىڭ بەختىڭنى كۈيلەپ،
شاقىرا دولقۇنلاپ زاماندىن-زامان!

## زەرەپشان

ئاھ زەرەپشان، زەرەپشان،
ساڭا ئالقىش، شەرەپ-شان
ياغار ئەزىز ۋەتەنىنىڭ
مۇنبەت ئېتىز-قىرىدىن.
بوزغا چېچەك تاقايسەن،
شاۋقۇن سېلىپ ئاقىسەن،
كۈيلەپ قوشاق، ھىكايەت
گەسرلەرنىڭ سىرىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گۈلزار ـ چىمەن بويلىرىڭ،
جانغا شىپا سۈلىرىڭ،
چۈنكى ئۇندا تەمى بار
ھەسەل بىلەن ناۋاتىڭنىڭ.
سۈبھى ـ تاڭدا نۇرلۇنۇپ،
شاقىرايسەن جۇش ئۇرۇپ،
دولقۇنۇڭدا ئەكسى بار،
قايناق يېڭى ھاياتىڭنىڭ.

كۆلگەچكە بەخت ـ ئامىتىڭ،
يۈكسىلىپتۇ قامىتىڭ،
سىمونت كورۈك بېلىڭگە
بەلۋاغ بولۇپ ئورۇلۇپ.
پولات نودىن ئېقىپسەن،
مىڭلاپ چىراق يېقىپسەن،
ئىستانسىيە قۇرۇلغاچ
بەڭۋاش سۈيۈڭ تورۇلۇپ.

بېلىقچىلار تور سالار،
قېيىق بىلەن يول سالار،
ئۇپقۇن يېرىپ كاراپتەك
قاينىمىڭغا ئېتىلىپ.

كورۇپ شۇنى، يىراقتا —
نۇرلۇق چىمەن قىرغاقتا،
پەرۋاز قىلدى ئۇيلىرىم،
دولقۇنۇڭغا قېتىلىپ.

شەرۋەت بولۇپ تۆيۈلدى،
دىلغا ئىلھام قۇيۇلدى.
قېنىپ-قېنىپ زوق بىلەن
ئىچكىنىمدە سۈيۈڭدىن.
ئاشىق بولۇپ كۆيۈڭگە،
سېنىڭ زۇمرەت سۈيۈڭگە،
رىشتىم ئۈزۈپ كۆن بويى
كېتەلمىدىم بويۈڭدىن.

ئاھ زەرەپشان، زەرەپشان،
ساڭا ئالقىش، شەرەپ-شان!...
ئاققىن مەڭگۈ توختىماي،
كۈيلەپ زەپەر كۈيىنى.
زىرائەتكە بېرىپ قان،
چاناقلارغا قېتىپ دان،
تەبرىك ئېتىپ يولۇڭدا
مول ھوسۇلنىڭ تويىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## تاجىك قىزى

تاجىك قىزى نامىڭنى
يېزىۋالدىم يۈرەككە.
ھۆرمىتىڭدىن سۆيۈنۈپ،
يەتتى بېشىم پەلەككە.

تۈتتۈك ماڭا ئۇز بىلىپ،
قىمىز ئاتلىق شاراپنى.
دوستلۇق بىلەن باغلىدىڭ،
گۈزەل ياشلىق ھاياتنى.

تونۇش ئەمەس بىز ئەسلا،
بىللە ئويناپ يۈرمىگەن.
خىيال تۇگۇل مەن سېنى
چۈشۈمدىمۇ كۆرمىگەن.

لېكىن قېنىپ سىرداشتۇق،
يات بولسىمۇ تىلىمىز.

چىمەن باغلاندى مۇھەببەت
رىشتى بىلەن دىلىمىز.

## بال قوشقانـمۇ سۇيۇڭگە؟

كورۇپ سېنى گۈزەل قىز،
ئەسكە ئالدىم لەيلىنى.
مەپتۇن قىلدى سىياقىڭ
تارتىپ كوڭۇل مەيلىنى.

چاڭقاپ كەلسەم سۇ بەردىڭ،
ئىچىپتىمەن ياقتۇرۇپ.
شۇندىن بېرى كويىمەن،
تەشنالىقتا يۇرىمەن
داۋاسىنى ئاختۇرۇپ.

كورۇپ قالدىم بۇگۇنمۇ،
سېنى تېزناپ يولىدا.
مەجنۇن تاللار ئېگىلگەن،
مارجان بۇلاق بويىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەيىپ ئەتمە سۇ سوراپ،
يەنە قايتا كەلگەنگە.
تۇگەپ كەتمەس بۇلاقنىڭ
سۈيى ماڭا بەرگەنگە.

ھېچ بىلماس تەشنالىق
باشلاپ كەلدى ئۆيۈڭگە.
پامىر قىزى، ئېيتقىنا،
بال قوشقانمۇ سۈيۈڭگە؟

## يايلاق كېچىسى

يايلاق كېزىپ يۇردۇم تۈندە،
تەرك ئېتىپ مەن ئۇيقۇمنى.
دولقۇنلاتتى گۈزەل ئالەم،
ئوتلۇق يۈرەك تۇيغۇمنى.

جان بېغىشلار كائىناتقا،
جۇشقۇن ھايات دولقۇنى.
يالقۇنلايدۇ تاغ باغرىدا،
چوپانلارنىڭ گۈلخىنى.

قىزلار مەيىن قوشاق كۈيلەر،
نەي چېلىنار يىراقتا.
تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ شوخ سۇ،
شاۋقۇن سالار قىرغاقتا.

سان ـ ساناقسىز توك چىراقلار،
جىمىرلايدۇ يۇلتۇزدەك.
نۇرغا چومگەن گۈزەل يايلاق،
كېچىسىمۇ كۈندۈزدەك.

نۇرلۇق يەرگە تەلپۈنەر ئاي،
مەپتۇن بولغان بوۋاقتەك.
ھېسسىياتىم دىلغا سىغماي،
تاشتى ئىلھام بۇلاقتەك.

تىزىلدى دىل دەپتىرىمگە
مىسرا ـ پىكىر ئۈنچىسى.
تەبىەتنىڭ ئاشىقىمەن،
گۈزەللىكنىڭ كۈيچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## تاغدا

قىيا تاشتىن قوزغىلىپ،
ئۇچتى بۈركۈت كوكسىرى،
ئىلھام بېرىپ قەلبىمدە
يانغان ئارزۇ ـ تىلەككە.
چىقماق بولۇپ پامىرغا
قەدەم باستىم ئىلگىرى،
بۈلۈت بىلەن سويۈشكەن
تىك چوققىغا ـــ يۈكسەككە.

توسماق بولدى يولۇمنى
تاغ شاملى گۈكىرەپ،
بۈركۈت بىلەن بەسلىشىپ
ئىلگىرلىدىم غەيرەتتە.
تۇماقتىمەن چوققىدا،
ئىگىز كوككە باش تىرەپ،
پەستە قالدى كورەڭ تاغ،
ماڭا بېقىپ ھەيرەتتە.

غەلىبە قىلار غايىسى
ئۇچۇن ھارماي چېلىشقان،
يېڭىش باتۇر پەرھاتلار
نەسلىگە خاس ئەنئەنە.
شۇ ئوي بىلەن دىلىمنى
چولغىۋالدى ھاياجان،
جەڭدە غالىپ جەڭچىدەك
قىلدىم ئۇلۇغ تەنتەنە.

قۇچاق ئاچتى ئالدىمدا
ئانا يۇرتۇم — گۈل دىيار،
كېلىچەكنىڭ ھوسنىنى
كوردۇم ئۇنىڭ چېھرىدىن.
پامىردىنمۇ ئوزۇمنى
سەزدىم يۇكسەك، بەختىيار،
يېڭىش ئاپقاچ كۈچ ئېلىپ
ۋەتەن ئىشقى — مېھرىدىن.

1971 — يىل ئاۋغۇست — سېنتەبىر، تاشقورغان — قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يايلاق بۇركۇتى

(داستان)

## مۇقەددىمە

دىل زوقۇمنى تارتتى ئۇزىگە،
كەڭ سامادا بۇركۇت پەرۋازى.
كوز ئالدىمدا بولدى نامايان،
ياش جىبىكنىڭ جەسۇر ئوبرازى.

## 1

قىزىللىقتا پۇركەندى ئۇپۇق،
قىزىللىقتا چومدى تاغۇ-تاش.
چارچىغاندەك كوز يۇمۇپ ئاستا،
تاغ كەينىگە شۇڭغۇدى قۇياش.

ئارامبەخش بىر گۇزەللىككە،
تولدى چەكسىز يايلاق قۇچىغى.

شامال بىلەن تارقىلار قىردىن،
گۈل - چېچەكنىڭ شىرىن پۇرىغى.

يۇرەكلەرگە ھوزۇر بېغىشلاپ،
نەي ئاۋازى كېلەر يىراقتىن.
قىز - چوكانلار تاغنىڭ باغرىدا
سۇ ئېلىشىپ قايتار بۇلاقتىن.

ئاق بۇلۇتتەك ئورلەيدۇ تۈتۈن،
چۇپانلارنىڭ كىگىز ئويىدىن.
جاراڭلايدۇ قىرلار، ئىدىرلار،
بەختىيارلىق - شاتلىق كۈيىدىن.

شاۋقۇن سېلىپ ئوتلاقتىن يانار،
سان - ساناقسىز قويلار پادىسى.
ئارقىسىدىن ئاشۇ پادىنىڭ
كېلەر جىبىك — چۇپان بالىسى.

ياش قورامى بولسىمۇ كىچىك،
خوپ كېلىشكەن قەددى - قامىتى.
كوكتە ئۇچقان قىران بۈركۈتنى
ئەسلىتىدۇ تۇرقى - ھالىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

توت ئەتراپىي قەۋەت-قەۋەت تاغ،
بۇلۇت بىلەن سويۇشۇپ تۇرغان.
قۇشمۇ ھالقىپ ئۇچۇپ ئۆتەلمەس،
ئانا يۇرتقا تەبىي قورغان.

ئورنىتىلغان چىگرا بەلگىسى،
شۇ تاغلارنىڭ باغرىنى ياقلاپ.
مەرت يىگىتلەر كۈنۈ-تۈن ئويغاق،
تۇرار ئۇندا چېگرىنى ساقلاپ.

شۇ ئەتراپتا قوي باقار جىبىك،
ئەتىل ۋاقتىن ئۆتكۈزمەي بىكار.
دىلدا يانغاچ بىر ئۇلۇغ غايە،
"جەڭ" مەشقىنى ئىشلەيدۇ تەكرار.

ئۈگىنىشتۇر ئۇنىڭ مەقسىدى
قىلىچ چېپىش، نەيزە ئۇرۇشنى.
ئارزۇ قىلار بولۇپ پاسىبان،
ئەلنى قوغداپ پوستا تۇرۇشنى.

2

قويلار يامراپ يانار ئوتلاقتىن،
خۇددى كوكتە ئۈزگەن بۇلۇتتەك.

كېلەر جىبىك،
ئەتراپقا ھوشيار
نەزەر تاشلاپ چىچەن بۈركۈتتەك.

توساتتىنلا يات بىر گەۋدىنى
كورۇپ قالدى ئارقىغا قاراپ.
ئېزىقىقاندەك بىر يوچۇن ئادەم،
كېلەر ئىدى تاغنى ياقىلاپ.

گويا قورقىاق توشقانغا ئوخشاش،
باقار چوچۇپ ئارقا-ئالدىغا.
گەۋدىسىنى يوشۇرماق بولۇپ،
ئىنتىلەتتى پىنھان-دالدىغا.

بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك جىبىك،
ماڭدى شۇ يات گەۋدىگە قاراپ.
—ھاي-ھاي ئاكا، ئاداشتىڭىزمۇ؟
يول بۇ ياقتا!—دىدى ۋاقىراپ.

ئۆز ئورنىدا خۇددى ھەيكەلدەك
قېتىپ قالدى بايىقى ئادەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

جىبىك ياققا قاراپ نائىلاج،
ئاستا-ئاستا تاشلىدى قەدەم.

تاجىكسىمان كىيىنگەن ئۆزى،
چىراي-شەكلى باشقىچە بىراق.
زەھەر تامار چېقىر كوزىدىن،
پاقىرايدۇ قونجىدا پىچاق.

— سالام ئۇكا! — دىدى ھىلىگەر
لەۋلىرىنى زورلاپ كۈلكىگە.
ئىندىمەستىن تىكىلدى جىبىك،
چوكۇپ سىرلىق گۇمان ئىلكىگە.

— خەۋەر ئېلىپ ھەربى پونكىتقا
كەلگەن ئىدىم، ئۇ جاي قاياقتا؟
— ئادىشىپسىز، مەن باشلاپ باراي،
ھەربى پونكىت تېخى يىراقتا.

— ياق، ياق ئۇكا، قالما يولۇڭدىن،
ئۆزۈم سوراپ-ئىزدەپ يېتىمەن.
— يۇرۇڭ، قېنى، بىرگە ماڭايلى،
مەنمۇ ئاشۇ يولدىن ئۆتىمەن.

سوز تاپالماي، "مېهمان" جىبىڭگە
قاراپ قالدى بىر پەس ئامالسىز.
بار ۋۇجۇدى كەتتى بوشىشىپ،
تىترەر پۇتى چامداشقا ھالسىز.

ئالدىدىكى جەسۇر چوپانغا،
يەر ئاستىدىن تىكتى كوزىنى.
قىچىپ بولماس پۇختا قاپقانغا
چۈشكەن تۇلكە سەزدى ئوزىنى.

— قىنى، كەتتۇق! — بۇيرۇدى جىبىك،
يات "مېهمان"نى سېلىپ ئالدىغا.
قويلىرىنى سۇرۇپ — ھايقىرىتىپ،
يۇرۇپ كەتتى تاغنىڭ باغرىغا.

3

قارايماقتا ئاقۇاش چوققىلار،
كوكتە يۇلتۇز ياندى چاراقلاپ.
ئۇن-تىنۇشسىز يۇرۇپ ئىككىسى،
تاغنى بويلاپ كەتتى يىراقلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇچاق يايغاچ تۈننىڭ سالقىنى،
كۈچەيمەكتە گۈكىرەپ شامال.
قەدەملىرى دادىل جىبىكنىڭ
كاللىسىدا بىرگىنە خىيال:

"يىراق ئەمەس مەنزىل ئۈنچىلا،
شۇ مېڭىشتا يېتىمىز ھىلى.
ئايان بولۇپ شۇندا بارچە ئىش،
يات 'مېھمان'نىڭ يېشىلەر سىرى!..."

يوچۇن ئادەم كىلەر جىبىكنىڭ
ئويلىرىنى سەزگەندەك بولۇپ.
دۈپۈلدەيدۇ ئېغىپ يۈرىگى،
ئۆز ئۆزىدىن دەھشەتكە تولۇپ.

چامى يەتمەي ئارتۇق يۈرۈشكە،
تىترەپ كەتتى بىردىن جالاقلاپ.
قىيا تاشلار ئارىسى بىلەن،
پانا ئىزلەپ قاچتى پالاقلاپ.

— توختا! — دىگەن ياڭراق سادادىن،
گۈلدۈرلىدى تاغلار ئۈن قېتىپ.

ــ توختا! ــ دىدى جىبىك قاچقۇنغا،
گويا شىردەك ئۇزىنى ئېتىپ.

يات مەلئۇننى قوغلاپ باراتتى،
دىلدا نەپرەت ـ غەزىۋى قايناپ.
ياندىشقاندا،
تايىغى بىلەن
ئۇردى باشقا راسا غۇلاچلاپ.

پىچىغىنى ئېلىپ، جىبىككە
تاشلاندى ياۋ خۇددى قاۋانەدەك.
ياش باتۇرنىڭ يۇمران تېنىگە،
سالدى نەشتەر خۇددى چاياندەك.

قىزىپ كەتتى تاغنىڭ باغرىدا،
هايات ـ مامات ئارىسىدا جەڭ...
ئېخ، قانداقمۇ جەسۇر بۇركۇتكە
قاغا ـ قۇزغۇن كېلەلىسۇن تەڭ!؟

قىزىل رەڭگە بويالدى تۇپراق،
جەسۇر ياشنىڭ يۇرەك قېنىدا.
ئۇ هۇشىدىن كەتتىيۇ، بىراق
قالدى قولى ياۋنىڭ گېلىدا...

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

## 4

قانچە ۋاقىت مۇشۇ ئارىدىن
ئۆتكىنىنى بىلمەيدۇ ئۇزى.
ئويغانغاندەك ئېغىر ئۇيقۇدىن،
ئاستا ـ ئاستا ئېچىلدى كوزى.

زەپمۇ ئىللىق ئاپپاق گەمە ئوي،
زەپ يېقىملىق مېھرىۋان يۇزلەر.
ئاگا تونۇش ئۇزىگە بېقىپ
كۇلۇپ تۇرغان يالقۇنلۇق كوزلەر.

ئۇ بىلمەيدۇ ئۇزىنى قاچان
مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەننى.
جەڭچى يولداشلار ئۇز قېنى بىلەن،
ئاگا قايتا هايات بەرگەننى.

خۇددى چۇشتەك ئاخشامقى ۋەقە،
كەلدى ئۇنىڭ ئېسىگە بىردىن.
يۇرەك ـ قەلبى تولۇپ غەزەپكە،
تۇرۇپ كەتتى ياتقان ئورنىدىن.

سېزىلمەستىن ئاغرىق ئازاۋى،
تۇرماق بولدى دەرھال ئاياقتا.
دىدى بىردىن ئالغا تەمشىلىپ:
— دۇشمەن قېنى؟
قاچتى قاياقتا؟

قۇچاقلىشىپ جەڭچى تاغلار،
ياتقۇزۇشتى ئۇنى ئورنىغا.
— خاتىرجەم بول، ئاللابۇرۇنلا
چۈشتى قاتىل قانۇن تورىغا...

ئارام ئېلىپ كوڭلى جىمىكنىڭ،
قايناپ - تاشتى يۈرەك شاتلىغى.
چۈنكى ئۇتلۇق كۆرەش ئىچىدە،
كامال تاپتى گۈزەل ياشلىغى.

ۋەتەن - خەلققە قىلغاچ جان پىدا،
ھورمەت ئىشقى ياندى دىللاردا.
ئەل ئىچىگە تارقالدى نامى،
داستان بولۇپ بارچە تىللاردا.

1971 — 1972 - يىللار، تاشقورغان — قەشقەر.

## هىجران قوشىغى

ياشلىق يارنى سۆيمىگەن بارمۇ؟
هىجران ئوتىدا كۆيمىگەن بارمۇ؟
ۋىسال ئۈمىدى، جۇدالىق دەردى
بارچە ئىنساننىڭ ئۆمرىگە يارمۇ؟

ئايرىلىش دىلغا سېلىپ جاراھەت،
چىداشقا ئارتۇق قالمىدى تاقەت.
لېكىن ئىشقىڭغا چۈشۈرمىدىم داغ،
پاك ئەقىدەڭگە باغلاپ ساداقەت.

بولسىمۇ گەرچە ئارىمىز يىراق،
يۈرەك رىشتىمىز ئۈزۈلمەس بىراق.
كەلگۈسى بىر كۈن ئامرىغىم بىزگە
ۋىسال تاڭلىرى ئاچىدۇ قۇچاق!

1969 - يىل، قەشقەر.

## هاياتقا مۇھەببەت

قەدىرلەيمەن سېنى، ئەي ھايات،
يۈرىگىمدە مۇقەددەس نامىڭ.
ئۈمىدىمگە بېغىشلار قانات،
شىپا بەخش مەي تولغان جامىڭ.

ھەر قەترىسى يۈرەككە دەرمان،
ئۇلۇشۇمنى قالدۇرماي ئىچەي.
مەن ياشاشنى قىلىمەن ئارمان،
ھايات، سەندىن قانداقمۇ كېچەي؟!...

ياتماقتىمەن كېسەل زەربىدىن،
ئولۇم بىلەن ئېلىشىپ بىراق.
مىنۇتسىرى سولۇپ، بەرگىدىن
توكۇلگەندەك خۇددى گۈل-ياپراق.

كۆلۈپ باقسەن ھەر چاغ يېنىمدا،
سۇرۇپ ئەجەل كولەڭگىسىنى.

ئوچۇۋاتقان ئومرۇم شامىغا
يېقىپ ئۈمىت سەرەڭگىسىنى.

شىپا تاپار مېھرىڭدىن يۈرەك،
ئەجەل، زۇلمەت نۇرۇڭدىن قېچىپ.
مەن ياشايمەن!
پارلاق كېلىچەك
كۈتەر، ئەنە، قوينىنى ئېچىپ.

1970 - يىل سېنتەبىر، قەشقەر.

## كېلىچەك

پارلايدۇ چېھرىدە خۇشخۇي تەبەسسۇم،
يارالغان ئاي بىلەن گويا قوشكىزەك...
تەبەت مەڭزىگە قوندۇرۇپتۇ خال،
بولسۇن دەپ گۈزەللىك ھوسنىگە بېزەك.
ئومۇرلۇك سويگىنىم ئۇ ساھىبجامال،
ماڭا يار،
ئانامغا لايىق كېلىنچەك.

گۈلستان باھارىنى باشلاپ كېلەر ئۇ،
گۈل تېرىپ قىرلاردىن ئېتەك ۋە ئېتەك.
قۇياشتەك پارلىغان بەختى-ئامىتى،
سەرۋىدەك مەردانە قەددى-قامىتى،
چاچلىرى گۈل-سۇمبۇل،
لېنتىسى چېچەك.

قۇتلىغىن، ئانىجان،
قۇتلاڭ، دوستلىرىم،
تېزلىتىپ سويگۈنىڭ ۋىسال تېگىنى
كەلمەكتە نىگارىم،
ئىسمى — كېلىچەك!

1972-يىل، قەشقەر.

## ۋىسال ئارزۇسى

نە بولغاي ئەرزۇ-ھالىمغا نىگارىم، ئېتىبار ئەتسەڭ،
تامام ئەيلەپ جۇدالىقىنى، ۋىسال پەيتىن قارار ئەتسەڭ.

بېرىپ تەشنا ۋۇجۇدۇمغا مۇھەببەت جامىدىن شەربەت،
يۈرەك، ئىشقىڭ قىلىپ ئىزھار مېنى شات-بەختىيار ئەتسەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

بىسىپ ئۆتتۈم تالاي يىلنى چۇشەرمەي داغ ئەقىدەڭگە،
پۈتۈن ئۇمرۇڭدە ئەرزىيدۇ بۇنىڭدىن ئىپتىخار ئەتسەڭ.

ئىسىل خىسلەت شۇ ئاشىققا ساداقەت لەۋزىدە تۇرماق،
ئاھانەتكە قالۇر نامىڭ بۇنىڭدىن ئۆزگە كار ئەتسەڭ.

يۈرەكتە قان تومۇر تارتىپ، ياشايدۇ ئىشقىمىز مەڭگۈ،
ۋەتەن نەپىسگە كوز تاشلاپ، گۈزەل ئەخلاقنى يار ئەتسەڭ.

جېنىدىن كەچمىسە ئاشىق يېتەلمەس، دەيدۇ، جانانغا،
ۋىسالغا يەتمىگىڭ شەكسىز ئاشۇ سوزنى شوئار ئەتسەڭ.

1973 - يىل، قەشقەر.

## رۇبائىيلار

بەختىمدۇر ئاتەشكە جاننى ياققىنىم،
يار ئۈچۈن تاھىردەك سۇدا ئاققىنىم.
پەخرىمدۇر، قالسامۇ ھىجران چولىدە،
قىسمەتكە مەردانە كۈلۈپ باققىنىم.

* * *

مەن غېرىپتەك ئىشق تۇمارىنى ئېسىپ،
سويگۇ ھىجران دەشتىنى ئۆتتۇم بېسىپ.
رازىمەن چەكسەم جاپا ئۆمرۈم بويى،
يار ۋىسالى بىر قېتىم بولسا نېسىپ.

* * *

نەچچە ۋاقتىن يار مېنى ياد ئەتمىدى،
بىر نىگاھ تاشلاپ دىلىم شات ئەتمىدى.
يا سېلىپ كوكسۇمگە ئىشقى خەنجىرىن،
بۇ زۇلۇمدىن جاننى ئازات ئەتمىدى.

* * *

نىگارىم كەل، يۈرەكنى لەختە قان قىلما،
مېنى ھىجرىڭدە ئۆرتەپ خەستە جان قىلما.
نىمە قىلساڭمۇ ئۆز ئەركىڭ، بىراق جانان،
رەقىپ ئالدىدا رەسۋايى جاھان قىلما.

1974 ـ يىل، قەشقەر.

## پارچىلار

قايتمىغاي باسقان ئىزىدىن
قەھرىمان، قەيسەر كىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۈستىگە زورلۇق تىغىدىن
ياغسىمۇ تۆھمەت تېشى.
يانمىغاي ۋىجدان سوزىدىن
ھەق ئۈچۈن كەتسە بېشى.
قىلمىغاي ئەپسۇس ـ نادامەت،
ئاقمىغاي كوزدىن يېشى.

* * *

"سېغىندىم" دەپ يازغان شۇ خېتىڭ،
پاك ئىشقىڭدىن بەردى گۇۋالىق.
ئايرىلىشتىن چەكمىگەن پىغان،
مۇھەببەتنى تاۋلار جۇدالىق.

1972 ــ 1975 ـ يىللار، قەشقەر.

## ۋىدا

مېنى سەندىن ئايرىدى نىگار،
ۋادەرىخا!... شورلۇق قىسمىتىم.
ئوتتى ئومرۇم ۋىسالىڭغا زار،
جۇدالىقتىن زەپىران بېتىم...

ھەيھات، تەقدىر بىزلەرنى تەكرار،
ئۇچراشتۇردى يەنە بۇ قېتىم!

ئايرىلساقمۇ شۇنچە يىل ھامان،
ئايرىلماپتۇ سەندىن ساداقەت.
(خار قىلماپتۇ لەۋزىنى ۋىجدان،
چىن دوستلۇققا ئەيلەپ خىيانەت!)
سوغاق قەلبىم (مۇردىدەك بىجان)،
پاك ئىشقىڭدىن ئالدى ھارارەت.

1975-يىل ماي، خوشاۋات.

## كۆلۈپ ياشايلى قىسمىتىمىزدىن

نىگارىم، باقسام كىرپىكىڭدە نەم،
سولغۇن يۈزۈڭنى يۇيۇپسەن ياشتىن.
ئۆزەڭنى مۇنچە قىينىما، ئەركەم،
مەيلى تۆھمەت ياغسىمۇ باشتىن.
يات دىللاردىن چەكمىگىن ئەلەم،
بولسۇن رەقىبكە باغرىمىز تاشتىن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈرەكنى زورلۇق قىلسىمۇ پارە،
ساداقەت، ۋىجدان ئايرىلماس بىزدىن.
قورققاقلارغا خاس كوز يېشى، نالە،
كۆلۈپ ياشايلى قىسمىتىمىزدىن.
يېتەر ۋىسالغا بىزدىكى غايە،
مەرتلىك، جەسۇرلۇق خىسلىتىمىزدىن.

1975 - يىل، ئىيۇن، خۇشاۋات.

## سويگىنىمگە

يۈزلىرىڭ گوياكى لالىرەڭ شەپەق،
كۆلگەندە كوزۈڭدە بالقىدى قۇياش.
شاتلىقتىن ۋۇجۇدۇم يانغان چېغىدا،
ئېچىلدى گۈل نەركىس كوڭلۈم بېغىدا،
خىجىللىق دەردىدىن كىرپىگىدە ياش.

ئىلاھى ھوسنۇڭنى كورگەندىن بېرى،
تولۇن ئاي ھەسەتتىن ئاھ چېكەر داغدا.
تاڭ قالار بۇلبۇلمۇ كۈلۈشلىرىڭگە،
ئاھۇلار يېتەلمەي يۈرۈشلىرىڭگە،
مۇڭلىنىپ كوزىدىن ياش توكەر تاغدا.

سۈبھەدەم يا تۈندە جەننەت باغىدىن
چىقالماس پەرىلەر سەندىن ئۈيۈلۈپ.
شۇ ئىكەن ئۇلارغا پۈتۈلگەن قىسمەت،
كىلەلمەس ئالدىڭغا قىلغىلى خىزمەت،
سەن بىلەن ئۇچراشماق نومۇس تۇيۇلۇپ.

مەن ھىجىر دەشتىدە كەزدىم كوپ زامان،
نىگارىم، ئىشقىڭدا چىكىپ دەرت-پىراق.
كوز سىلىپ يولۇمدا پۈتۈن ئالەمدىن،
شۇ گۈزەل تەبەت ياكى ئادەمدىن
تەڭدىشىڭ، جۈپتۈڭنى تاپمىدىم بىراق.

ھەسەتخور جانلارنىڭ نەدۇر ئامالى؟!
پۈتۈلگەن ھوسنۈڭگە باقى كامالەت.
سەن ئىلھام پەرىسى، كۈيلىرىمگە جان،
شۇڭلاشقا قەلبىمدىن ئۇچمەيدۇ ھامان
سەن ئۇچۈن ئەقىدە، ئۇتلۇق ساداقەت.

1976-يىل، قەشقەر.

# سىغىنىش يالقۇنى

تاغ كەبى يەلكەمدىن باسقاندا ھىجران،
يىگانە، قاتمۇ-قات دوڭلەردىن ھالقىپ؛
بەرگىدىن ئۈزۈلگەن بىر ياپراقسىمان،
توقايزار ئىچىدىن كېزىمەن قاڭقىپ.

كەچكى تۈن سالقىنى ياپىماقتا ئېتەك،
تەبەت مۈگدەيدۇ جىم-جىت ۋە سولغۇن.
نە يېشىل مايسا بار، نە بىر گۈل-چېچەك،
زىنىنتى بۇ يەرنىڭ توغراق ۋە يۇلغۇن.

باغرى چاك تۇپراقنىڭ، چۈنكى زىلال سۇ
ھايات تومۇرىغا ئاقماس بولۇپ قان.
ھۇ ئەنە...ئالدىمدىن چىققتى بىر ئاھۇ،
نىگاھى پەرىشان، رەڭگى زەپىران.

بىلدىمكى تۇرمۇشىنىڭ قايغۇ-تەشۋىشى،
تەنھالىق يولىغا باشلىغان ئۇنى.

ئايرىپ ئۇز جۇپتىدىن تەقدىر يازمىشى،
سەرسانلىق دەشتىگە تاشلىغان ئۇنى.

يا مەرگەن ئوقىغا دۇچ كېلىپ يارى،
بولغاندۇ ۋە ياكى يىرتقۇچلارغا يەم.
شورلۇقنىڭ كوزىدە سويگۇ خۇمارى،
جۇدالىق دەردىدىن كىرپىگىدە نەم...

كورگەندە شۇ ھالنى يالغۇندەك يېنىپ،
ئۇلغايدى قەلبىمدە ھىجراننىڭ دەردى.
مەھكۇملۇق ئىلكىدە بولغاندا غېرىپ،
ئوتەركەن ئىنسانغا ھورلۇكنىڭ قەدرى.

ئۇستۇمدە زۇلمەتنىڭ بۇلۇت چاڭلىرى،
كوكسۇمدە جاھالەت ئۇرغان تىغ-پىچاق.
پارلايدۇ شۇبھىسىز ۋىسال تاڭلىرى،
سائادەت دىلبىرى ئېچىپ كەڭ قۇچاق!

1976-يىل ئىيۇن، ئاقساقمارال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مېنىڭ

(مۇخەممەس)

ئامرىغىم، سويگەن نىگارىم، ماھى تابانىم مېنىڭ،
تەلىيىم-بەختىم، ئارامىم، دەرتكە دەرمانىم مېنىڭ،
سەن ئۇچۇن پەرۋانە بولغاچ كويدى بۇ جانىم مېنىڭ،
ياقتى ھىجرىڭدە پەلەكنى نالە-ئەپغانىم مېنىڭ،
شۇل ئىدى ۋەسلىڭگە يەتمەك ئارزۇ-ئارمانىم مېنىڭ.

تاپمىدىم ھېچ تەڭدىشىڭنى بۇ ھايات سەيناسىدىن،
ھوسنى-قامەتتە ئۇشۇقسەن گۈل-چىمەن رەناسىدىن،
جۇش ئۇرار مەرتلىك، جاسارەت سوزلىرىڭ مەناسىدىن،
تاڭ شەپەق نۇرىنى كوردۇم كوزلىرىڭ شەھلاسىدىن،
سەلتەنەت تەختىگە لايىق شاھى سۇلتانىم مېنىڭ.

قۇتقۇزۇپ ھىجران چولىدىن، كورستەر دەپ ئىلتىپات،
شۇ ئۇزۇن تۇنلەردە بىدار ئەيلىدىم ۋەسلىڭنى ياد.
سەن كوڭۈل بەرگەچ نىگارىم، ئارزۇيۇم تاپتى مۇرات،
ئاچتى يۈز ئالدىمدا گويا كەلگۈسى پارلاق ھايات،
شۇ بىلەن باشلاندى قايناق سويگۇ داستانىم مېنىڭ.

ئەمدى دىلدار، تاقىتىم يەتمەس سىنى بىر كورمىسەم.
قوللىرىڭنى تۇتىيادەك كوزلىرىمگە سۈرمىسەم.
"رازى بولماس جان قازاغا، ئىشق ئوتىدا كويمىسەم"،
تىپچ ياتاي قەۋرەمدە قانداق، قۇچىغىڭدا ئولمىسەم،
سەن ئۇچۇن بولغان ئەقىدەم دىلدا ئىمانىم مېنىڭ.

كەل جېنىم، كوڭلۈم بېغىنى گۈل-گۈلستان ئەيلىگىن،
ئاشىقىڭ ھالىغا يەت، دەردىگە دەرمان ئەيلىگىن،
ئۇنتۇما يادىمنى ھەر چاغ، دىلغا مېھمان ئەيلىگىن،
ئەخمىدى مىڭ رازى ئېيتساڭ: "جاننى قۇربان ئەيلىگىن"،
سەن ئۇچۇن جانىم تەسەددۇق ئەي قەدىردانىم مېنىڭ.

1976-يىل، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەسسالام، هايات!

## ۋەتەن  ھەققىدە  غەزەل

ۋەتىنىم، سۆيگەن ئانامسەن، بارلىغىم قۇربان ساڭا،
تا ئەبەت سادىق بولۇشتۇر مەندىكى ئارمان ساڭا.

جۇش ئۇرار مېھرىڭ يۈرەكتە ئوت بولۇپ، يالقۇنلىنىپ،
تەلپۈنەر پەرۋانىدەك قەلبىم مېنىڭ ھەر ئان ساڭا.

زەپمۇ كۆركەم، نۇرغا چۆمگەن گۈل-گۈلىستان باغلىرىڭ،
خۇشپۇراق بەرگەن شىپالىق سۇمبۇلى رەيھان ساڭا.

تەڭدىشىڭ يوقتۇر جاھاندا، شوھرىتىڭ-شانىڭ ئۇلۇغ،
كار قىلالماس قانچە-قانچە زور قىيان-توپان ساڭا.

كەلسە يات قۇزغۇن قىلار گۇم چېگرىڭدىن-شۇڭقارلىرىڭ،
قەلبىدە مېھرى-مۇھەببەت زور دېڭىز-ئوكيان ساڭا.

گۈللىتىپ باغرىڭنى ئىشتا، ئاققۇزۇپ قوينۇڭدا تەر،
سۇغا يوللار مېھنىتىدىن ئىشچى ھەم دېخان ساڭا.

قەھرىمان ئەجداتلىرىنىڭ روھىغا ۋارىس بولۇپ،
باغلىغان رىشتىنى مەھكەم بارچە قىز-ئوغلان ساڭا.

چىن يۈرەك ئىلھامى نامىڭ، سەن ئىجات كانى بۇلاق،
شائىرىڭ يازغاي بېغىشلاپ قانچە كۈي-داستان ساڭا.

ئىنتىزار-تەشنا بولۇپ ئىقبالىغا، پەرۋاز ئەيلىدىڭ،
يۈز ئاچار ئالدىڭدا پارلاق كەلگۈسى دەۋران ساڭا.

تۇپرىقىڭنى خۇددى كوزنىڭ گوھىرى ئوخشاش بىلىپ،
قوغدىغايمەن جان تىكىپ كوكسۇم پولات قالقان ساڭا.

ئانىلىق ئەجرىڭنى ئاقلاش ئەڭ ئۇلۇغ بۇرچۇم مېنىڭ،
ياش جېنىم بولسۇن تەسەددۇق، بارلىقىم قۇربان ساڭا.

1972-يىل، قەشقەر.

## دوستۇمغا

ئوتكەن ئومرۇڭ ئاتقان ئوقتەك ئارقىغا يانماس،
قىلغان ئەجرىڭ يېتەر ئەلگە، تۇپراقتا قالماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىن مۇھەببەت باغلا دىلدىن كويسەڭ نەسلىڭگە،
ئەۋلادىڭنى تارىخ خارلىق دەشتىگە سالماس.

ھەقىقەت شۇ: كۆرەش بىلەن يۈكسىلەر ئىنسان،
كۆرەش قىلماي چىن ئارزۇيۇڭ ۋىسالىغا قانماس.

ھەقنى ياقلاپ، پەللە ئاتلاپ ئۆرلە نىشانىغا،
ۋىجدانلىق ئەر باش كەتسىمۇ لەۋزىدىن يانماس.

ئەل ئالدىدا ئاقلا، دوستۇم، ۋىجدان بۇرچۇڭنى،
ۋىجدانسىزنى ئۆلسە تۇپراق قوينىغا ئالماس.

1972 ـ يىل، قەشقەر.

## ئۇمىلىقتا

سەھەرنىڭ ئاشىغى چولپان چاراقلاپ كوكتە يانغاندا،
يېزام ئويغاندى، تورغايلار خوشال سازىنى چالغاندا.

تولۇن ئاي نەگىدۇر موكتى، خىجىل بولغان چېغى بىزدىن،
گۈلىستان ئىككىمىز بىللە ئېتىز قوينىغا ماڭغاندا.

مۇھەببەت ـ ئىشقىمىز دىلدىن توكۇلدى كۆي بولۇپ جۇشقۇن،
يۇرەك قانداغ چىدالايدۇ بەخىت ئىلكىدە يانغاندا؟!...

ئېتىز قويىندا زوق ئەيلەپ قاراپ قالدىم گۇلىستانغا،
بولۇق ئالتۇن باشاقلارنى سويۇپ كوكسىگە تاڭغاندا.

مېنى ئىملەپ تەبەسسۇمدا، كاراپىتەك سول يېرىپ كەتتى،
يېتىشتىم ئارقىدىن تەستە، قولۇم ئوبدانلا تالغاندا.

بۈگۈنكى ئىش پىلانىنى ئورۇنلاپ، قايتا سول تۇتتۇق،
ئۇپۇق ئوزرە قۇياش چوغدەك قىزىل شەلپەرنى يايغاندا.

قوشۇپ دىل ئىشقىنى بىرگە ماڭا چاي تۇتتى ئىشچان قىز،
ھاياجان ئىلكىدە ياندىم، يۇرەك تەشناسى قانغاندا.

بۇزۇلماس ئەھدە قىلدۇق بىز سىخى كۆز پەسلى قوش تويغا،
كۇرەش ـ مېھنەتتە ئىلغار دەپ شەرەپلىك نامنى ئالغاندا.

1973 ـ يىل، قەشقەر.

## مۇھەببەت

ھەقىقەت شۇ ھەممىگە ئايان:
ھېچنەرسە يوق ئالەمگە باقى.
ئۆز ئوقىدا ئايلىنار ھامان،
توختىماستىن تارىخنىڭ چاقى.
شۇ سەۋەپتىن ئۆزگىرەر ھايات،
سەزگۈ-ئىدرەك ھەمدە كائىنات.

لېكىن بىر ھىس ياشايدۇ مەڭگۈ،
ۋۇجۇدۇمغا بېرىپ ھارارەت.
يالقۇنىدىن ئۇلغىيار تەنگە،
ئۇلۇغ ئارمان، مەردلىك، جاسارەت.
ئۇ-دىلىمدا ئۆزگەرمەس ئەبەت
ۋەتىنىمگە بولغان مۇھەببەت.

1973-يىل، قەشقەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

# ناخشىچى سىڭلىمغا

يېقىملىق كۈي بىلەن ئەلگە سالام-سويگۇ بايان قىلدىڭ،
ۋەتەننىڭ شوھرىتى-داڭقىنى ئالەمگە ئايان قىلدىڭ،
سېھىرلىك كۈي ساداسىنى گويا ئەرشكە راۋان قىلدىڭ،
بېرىپ دوستلارغا زور ئىلھام، رەقىپ باغرىنى قان قىلدىڭ.

كۈيۈڭدىن زوق، ھوزۇر ئالدى كۈرەش قوينىدا ئىشچانلار،
يىراق چېگرادىكى جەڭچى، يېشىل يايلاقتا چۇپانلار،
ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، پەخرى تۇمەن مىڭ قىز ۋە ئوغلانلار...
كۈرەش مەيدانىنى سەنئەت-ئىجادىڭغا ماكان قىلدىڭ.

گۈزەل ناخشاڭدا نەفسە* كۈيىنىڭ ئەۋجىنى كوردۇم،
ئىلى، تارىم، زەرەپشاننىڭ ناۋاسى-مەۋجىنى كوردۇم،
ئۇتۇق بابىدا خەلقىمنىڭ ھالال تەر-ئەجرىنى كوردۇم،
بولۇپ بۇلبۇل ناۋا ئەيلەپ كوڭۇلنى شادىمان قىلدىڭ.

---

* نەفسە ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مەشھۇر ئۇستازلىرىدىن بىرى، شائىرە ئامانىنىساننىڭ ئەدىبىي تەخەللۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كامال تاپ ناخشچى سىگلىم، ۋەتەن قوينى ــ گۈلستاندا،
ئەكس ئەتسۇن ئۇلۇغ سەنئەت مىراسىڭ ناخشا ـ داستاندا،
شەرەپ يار بولغۇسى ئۆمرۈڭگە، چۈنكى مەردۇ ـ مەيداندا
ۋەتەن ـ خەلقىڭگە ئىشلەشنى ئۇلۇغ مەقسەت ـ نىشان قىلدىڭ.

1974 ـ يىل، مارت، قەشقەر.

## ۋەتەننىڭ ئەجرىنى ئاقلا

سائادەت دىلبەرى قاچماس كۈرەشكە جان پىدا ئەردىن،
ۋەتەننىڭ ئەجرىنى ئاقلا، بولۇپ مەردانە قەيسەردىن.

ھەقىقەتتۇر: "مۇشەققەتنىڭ تۇۋى ئالتۇن" دىگەن ھىكمەت،
ئۈمىتنىڭ غۇنچىسى ياشنار توكۈلگەن قان بىلەن تەردىن.

شىپا تاپقاي رىيازەت دەشتىدە زار چاڭقىغان قەلبىڭ،
ۋىسال پەيتى قىنىپ ئىچسەڭ ئىسىل شەرۋەتۇ ـ كەۋسەردىن.

مىيىپ بولسا يىگىت جەڭدە، قوشۇلغاي بەستىگە زىننەت،
كى زىننەتتۇر، ئۇنى ھەرگىز ياساپ بولماس كۈمۈش ـ زەردىن.

نە ئەرمان ئەخمەدى، خەلقنىڭ ئۇچۇن جەڭلەردە جان بەرسەڭ
ئورۇن ئالغاي ئەزىز قەۋرەڭ مۇقەددەس شۇ ئانا يەردىن.

1974 - يىل، قەشقەر.

## رۇبائىيلار

ۋەتىنىم ئىشقىنىڭ ياشار جېنىمدا،
ئاقار مېھرىنىڭ يۈرەك قېنىمدا.
بولسام قۇربان ئەجرىڭنى ئاقلاپ،
قىلچە ئارمان قالماس دىلىمدا.

*　　*　　*

تامايىم يوق بايلىقتىن پەقەت،
بايەن دوستلار، سوزۇم ھەقىقەت.
ئالتۇن ئەمەس مۇلكۇم-بىساتىم،
ۋەتىنىمگە بولغان مۇھەببەت.

*　　*　　*

ئولسەم ئەگەر ئىجادىم قالار،
مېنى ئەلنىڭ يادىغا سالار.
بەختىم شۇكى، جىسمىمنى سويۇپ،
ئانا تۇپراق قوينىغا ئالار.

* * *

چىن يۈرەكتىن ئەيلەپ قەسەمىيات،
كىردى باتۇر جەڭگە سىلىپ ئات.
ۋەتەن ئۈچۈن بەردى جېنىنى،
لېكىن تاپتى مەڭگۈلۈك ھايات.

* * *

دېدى باتۇر: كۈچۈم يېتەرلىك،
يەر-جاھاننى قايىل ئېتەرلىك.
قورقۇنچاقتىن ئەيلەيمەن ھەزەر،
رەقىبىم يوق ئۈندىن خەتەرلىك.

* * *

بىلگىنكى ۋاقىتنى ئالتۇندىن قىممەت،
يار بولسۇن ئۇمرۈڭگە غەيرەت ۋە ھىممەت.
كومسىمۇ جىسمىڭنى تۇپراققا ئەجەل،
ئۇچۇرمەس ئىزىڭنى ئىجادىي مېھنەت.

1973 — 1975-يىللار، قەشقەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چول ئويغاندى

1

ئەسرلەر سرىنى باغرىغا بېسىپ،
چول ئۇخلار غەپلەتتە،
قاغجىراپ سۇسىز.
نە ئۇندا ئۇچار قۇش،
نە يېشىل گىيا...
كورۇنمەس پەقەتلا ھاياتتىن بىر ئىز.
ۋە لېكىن گۈزەلدۇر شۇ مۇقەددەس يەر،
ھەر چىمدىم تۇپرىغى تۇتىيا، ئىزىز.
دەيسەنكى، مۇھەببەت ئىلكىدە باقساڭ،
ئاق شايى پەردىگە ئورۇلۇپ گويا،
ئۇخلاپ ياتار ساھىپجامال قىز...

2

جان بېرىپ شۇ چولگە باھار ھاۋاسى،
سۇبھىدەم جاراڭلىق ناخشا ساداسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىراكتور كۈيىگە ئاقتى جۇر بولۇپ.
ئەسىرلىك ئۇيقۇدىن كوز ئېچىپ گۈزەل،
— ئاھ! — دىدى بەختىيار ھىسقا چولغۇنۇپ.
تۇراتتى ئالدىدا ئاشىغى پەرھات،
(ئاستىدا ئويناقلار كىشنەپ پولات ئات)
سويۈملۈك يارىغا ئېچىپ باغرىنى،
تەبەسسۇم ئىلكىدە باقتى تولغۇنۇپ.

1975 ـ يىل ماي، خوشاۋات.

## ساسلىقتا

تۇن شامىلى
يۇزلىرىنى يالاپ ئوتكەندە
دولقۇنلىنار بىپايان ساسلىق.
مەپتۇن بولۇپ
سۇ بېتىدە ئوز نۇرىنىڭ جىمىرلاشلىرىغا،
كوك پەرىسى باقىدۇ نازلىق...
بىر زامانلار چول ئىكەن بۇ يەر،
كېيىن ساسلىققا ئايلانغانمىش
يوقسۇللارنىڭ قانلىق يېشىدىن.

شاھىدى بولۇپ ئۆتكەن تارىخنىڭ
دەھشەت ۋە مۇدھىش
سەرگۈزەشتىلەر كەچكەن بىشىمدىن.

ئەمدى كوكتۇللۇك دولقۇنلىنار ئۇ،
ئۆز باغرىدا ئەركىن ئۈزۈشكەن
ئاق غازلارنىڭ سويۇپ توشىنى.
ئېتىپ بېرەر ئۇلارغا
تۇن بويى ئاستا پىچىرلاپ،
غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىپ ئەسىرلەر
كورگەن چۇشىنى.

1975 - يىل، ئىيۇن، خۇشاۋات.

## ئەسسالام، ھايات!

ئويغاندىم كوز ئېچىپ شىرىن ئۇيقۇدىن،
سۇبھى تاڭ ئالەمگە يايغاندا قانات.
جۇش ئۇردى قەلبىمدە ئىجادىي ئويۇم،
كۇيلەيمەن شەنىگنى، كوكسۇمدە قولۇم:
ئەسسالام، ھايات!

لالىرەك ئۇپۇقتىن بالقىدى قۇياش،
نۇر بىلەن يۇزىنى يۇدى كائىنات.
ئىخ، بۇگۇن تەبەت نەقەدەر گۇزەل،
قۇشلارمۇ شەنىگە كۇيلەيدۇ غەزەل:
ئەسسالام، هايات!

ياڭرىدى سامادا زاۋۇت گۇدۇگى،
ئۇركەشلەپ پىچلاردىن ئاقماقتا پولات.
خۇشخەۋەر بەردى تاڭ يىڭى غەلىبىدىن،
ئۇرغۇدى تەشەككۇر ئىشچى قەلبىدىن:
ئەسسالام، هايات!

قىزغىن جەڭ باشلاندى بىپايان يەردە،
ئىتىزلار باغرىنى تىلغار پولات ئات.
ئىش-ئەمگەك قاينىمى گۇزەل يىزىدىن،
ياڭرايدۇ شات ئالقىش دىخان قىزىدىن:
ئەسسالام، هايات!

مۇقەددەس ۋەتەنىنىڭ يىراق چىگرىسى،
بۇلۇتقا بوي سوزغان تاغلار قاتمۇ-قات.
سۇركەندە يورۇقلۇق تۇماننى، چاڭنى،

ئەزىمەت چېگرىچى ئالقىشلار تاڭنى:
ئەسسالام، ھايات!

تۇرنىدەك سەپ تارتىپ ئۇسمۇر غۇنچىلار،
يول ئالار مەكتەپكە تېتىك، قەلبى شات.
كەلگۈسى ئىستىقبال، ئارزۇ-تىلەكتىن،
ياڭرايدۇ مەدھىيە ئوتلۇق يۈرەكتىن:
ئەسسالام، ھايات!

قولىدا قىزىلگۈل كەلدى نىگارىم،
سويۇملۇك بىر نەزەر قىلدى ئىلتىپات.
سوز تىزدىم سويگۈنىڭ تەرىپى ئۈچۈن،
بەختىيار دەملەرنىڭ شەرىپى ئۈچۈن:
ئەسسالام، ھايات!

سەن بولغاچ قەلبىمگە ئىلھام ۋە دەرمان،
يالقۇنلۇق مىسرالار قىلىمەن ئىجات.
ياشايمەن كۈچ ئېلىپ ئوتلۇق مېھرىڭدىن،
كېلىچەك ھوسنىنى كوردۇم چېھرىڭدىن،
ئەسسالام، ھايات!

1976-يىل، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# گۈل بىلەن سوھبەت

باقچا كىردى جىلۋە، ناز بىلەن،
سۇبھى تاڭدا ئويغىنىپ گۈزەل.
قارشى ئالدى ئۇنى گۈل-چىمەن،
كۈيچى بۇلبۇل ياڭرىتىپ غەزەل.

قىزىلگۈلگە چۈشتى نىگاھى،
لەۋ ئېچىپتۇ، كىرپىگىدە نەم.
ھەيۋەت ئىدى كوركى، جامالى،
بىراق ئۇنىڭ چېھرىسىدە غەم.

مەپتۇن بولۇپ گۈزەل ئۇنىڭغا،
يۈرىكىدە سەزدى خىجىللىق.
دىدى: "گۈلۈم قانداقچە ساڭا،
ئېيت، پۈتۈلگەن مۇنچە قىزىللىق؟!"

چىقتى گۈلدىن مۇڭلۇق بىر سادا:
"ئاھ، دەردىمنى قوزغىما پەرى!

بولدۇم بارچە شاتلىقتىن جۇدا،
جامالىڭنى كورگەندىن بېرى.

مەن ئۇزەمنى دەپتىمەن گۈزەل،
بىراق ساڭا يەتمىگىم گۇمان.
رەشك بىلەن يېنىپ شۇ مەھەل،
يۈرەك-باغرىم بولدى لەختە قان...

غەمكىنمەن، بىل، ئاشۇ سەۋەپتىن،
خىجىللىقتىن قىزارغان بېتىم.
ھەزەر ئەيلەپ سېنى كورمەكتىن،
ئېچىلمەن يىلدا بىر قېتىم".

1976-يىل، قەشقەر.

## ئېقىن بىلەن مەجنۇنتال

زۇمرەت ئېقىن ئۇخچۇپ ئاقار توختىماي،
شاۋقۇن بىلەن كۆيلەپ قوشاق-ھېكايەت.
سۇغا بېقىپ قىرغاقتىكى مەجنۇنتال،
لەۋلىرىدىن توكتى نازلىق شىكايەت:

—ئالدىرايسەن نەگە مۇنچە، كۇنۇ-تۇن
تىنىم تاپماي، ۋاقىت بىلەن قوغلىشىپ؟
توختىساڭچۇ!...
قۇچۇپ يۇمران تېنىمنى،
كوكۇل ئاچقىن مېنىڭ بىلەن ئوينىشىپ...

ئېقىن ئېيتار: ھەددىم ئەمەس توختىماق،
ۋىسال ئىشقى ئارام بەرمەس جېنىمغا.
چۈنكى ئالدا مۇنبەت دالا—مەشۇقۇم
كۇتەر مېنى تەشنا بولۇپ يولۇمغا.

ئۇمىدىنى ئاقلاي ئۇنىڭ قانداقمۇ،
شەرۋەت بېرىپ، گۇلدىن بېزەك تاقىمسام؟!
مەنزىلىمگە يېتەلمەيمەن كۇنۇ-تۇن
توختىماستىن شاۋقۇن سېلىپ ئاقمىسام.

1977-يىل مارت، قەشقەر.

# نېفىت دولقۇنلىرى

## 1

كائىنات قۇچاق ئاچتى ئاتار تاڭغا،
ئىنتىزار بوپ خۇشخەۋەرگە شوخ سابادىن.
يەرۇ-ئاسمان كەلدى بىردىن زىلزىلىگە،
ھەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلىگەن ئۈن-سادادىن.

سىلكىنىشتىن تىترەپ كەتتى ئاقۋاش تاغلار،
يېشىل ئورمان قۇلاق سالدى ھەيران بولۇپ.
گۈل-چېچەككە تولدى خۇشبۇي چىمەن باغلار،
ئاقتى تارىم ھەم زەرەپشان دولقۇنلۇنۇپ.

كوكيارىدىن تارالغان شۇ قۇتلۇق خەۋەر،
كومدى شاتلىق قاينىمىغا يۈرەكلەرنى.
جەڭ بىلەن قۇچقان يېڭىش-شانلىق زەپەر،
كۆلدۈردى ئۇلۇغ ئارمان-تىلەكلەرنى.

ئىگىز كوككه ئېتىلماقتا نېفىت پونتان،
زور كۈچ بىلەن يەرنىڭ ئاستىن قاتلىمىدىن.
ماي ئەمەس، ئېخ!...ئۇركەش ياساپ ئاقماقتا قان،
گويا ئۇنىڭ چوڭقۇر يۈرەك قاتلىرىدىن.

سانائەتنى گۈللەندۈرۈش دولقۇنىغا،
قوشقان ئۇلۇغ توھپىسى بۇ ئانا يەرنىڭ!
ئېچىلدى زور نېفىت كانى قېقىر سايدا،
خىسلىتىدىن ئوت يۈرەكلەر توككەن تەرنىڭ.

2

پۈتمەس بايلىق خەزىنىسى ئەزىز تۇپراق،
كەچۈرگەندۇر ئەسىرلەرنىڭ سىرىن باشتىن.
ئاسمىنىدا قارا بۇلۇت سېلىپ سايە،
ئىتەكلىرى تولغان ئۇنىڭ قانۇ-ياشتىن.

جاھالەتنىڭ "ئاقىللىرى" دەيتتى ئۇنى:
"تاغ ۋە چولى پەرقلەنمەيدۇ تىلسىماتتىن".
ۋەتەن، خەلقنى ئۇكتەبىرنىڭ نۇرلۇق تېڭى،
قۇتۇلدۇردى جاھالەتتىن، خۇراپاتتىن.

كۆرەش ـ مېھنەت قاينىمىدا تاغۇ ـ چوللەر،
كوپ ئەسىرلىك ئارزۇسىغا كۆلـدى قېنىپ.
چۈنكى ئۇندا سان ـ ساناقسىز زاۋۇت ـ كانلار،
قىلدى بەرپا تەر ئاققۇزۇپ ئىشچى سىـنىپ.

خوشاللىقتا تولۇپ ئۇندىن ئانا تۇپراق،
ئىشچانلارغا ئاچتى پۈتكۈل دىل سىرىنى.
سوغات قىلىپ قۇيماقتا ئۇ يۈرىكىدىن،
سانائەتنىڭ تومۇرىغا ساپ قېنىـنى!...

توشۇماقتا ماشىنىلار كالۇنىنىسى،
ئالتۇن نېفىت — ئەلنىڭ ئەزىز بايلىغىنى.
نېفىتچىلەر يېڭى جەڭگە قويدى قەدەم،
يەلپۈلدىتىپ كوكتە زەپەر بايرىغىنى.

1977 ـ يىـل، ماي.

# قـاغـىلىق

زوق بىلەن يايراپ، سېنى قىلدىم زىيارەت قاغىلىق،
گۈللىنىپ، ئاپسەن يېڭىچە بىر قىياپەت، قاغىلىق.

بەرق ئۇرۇپ ياشنايدۇ ئالتۇن نۇر بىلەن باغۇ-چىمەن،
ساپ ھاۋاسى تەنگە دەرمان، جانغا راھەت، قاغىلىق.

رۇسلىنىپتۇ قامىتىڭ مەزمۇت چىناردەك بوي سوزۇپ،
قايتىدىن ئۇمرۇڭگە يار بولغاچ سائادەت، قاغىلىق.

ئەمدى شوتا ئۇستىگىدە شوخ ئاقار زۇمرەت ئېقىن،
چىن رىياللىققا ئېشىپ كونا رىۋايەت، قاغىلىق.

سۇبھىدەم گۇل بەرگىدە بۇلبۇللىرىڭ خەنـدان ئۇرۇپ،
شان-زەپەرلەر بابىدىن سوزلەر ھىكايەت، قاغىلىق.

مىگلىغان پەرھات ئۇچۇن باغرىڭ ئىكەن ئالتۇن بوشۇك،
ياشلىغىڭ شۇلار بىلەن تاپقاي كامالەت، قاغىلىق.

خۇشچىراي ئاچماقتا ئالدىڭدا سائادەت دىلبىرى،
تاغ يېرىپ، مەنزىل ئېشىپ، ئۇرلە داۋامەت، قاغىلىق.

1977-يىل سېنتەبىر، قاغىلىق.

# باغدا

سەير ئەتتىم چىمەن باغىن، قىلىشماس ھوسنى جەننەتتىن،
گۈزەللىكتە كامالەتكە تولۇپتۇ ئەجرۇ-مېھنەتتىن.

دالالەت قىلدى باغۋەن قىز تەبەسسۇم، ئېپتىخار بىرلە،
تېتىپ كورمەكنى شۇ باغدا يېتىلگەن نازۇ-نېمەتتىن.

ھوزۇرلاندىم سۇرۇپ مەي كەيپىنى ئالما، ئانارىدىن،
چىپانىنىڭ نەشپۈتى داڭلىق، قىلىشماس تەمى شەرۋەتتىن.

ساناپ بولماس تۇرىنى قىز يېتىشتۇرگەن مىۋە، گۈلنىڭ،
يارالغان موجىزە بۇندا يۇرەك ئىخلاسى، جۇرئەتتىن.

كوكۈل رىشتىگە مارجاندەك تىزىلدى نەزمە مىسراسى،
دىلىم يايراپ، سويۇندى جان، كوكۈللۈك سەيلە-سوھبەتتىن.

يەنە كەلمەك ئۇچۇن ۋەدە بىرىپ باغۋەنگە، خوشلاشتىم،
لېكىن تەس بولدى ئايرىلماق يېقىملىق، ياخشى ئۇلپەتتىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېتەر ۋاقتىمدا يوللۇق دەپ ماڭا بىر دەستە گۈل تۇتتى،
تەشەككۇر ئەيلىدىم قىزغا يۈرەك ئىزھارى-رەخمەتتىن.

1977-يىل سېنتەبىر، قاغىلىق.

## ھىمتىنىڭ سېيىدىن ئوتكەندە
### (يول تەسىراتلىرى)

ئاقتى يالقۇن سەل بولۇپ، چوغدەك قىزىپ ساي-نىڭ تېشى،
بولدى كوپ يىللار، ئەسىرلەر ئۇيقۇدا ياتماق ئىشى.

قاغجىراپ سولدى ھايات، بۇندا تاپالماستىن نىجات،
ساينى تەڭ قىلدى دوزاخقا شۇم پەلەكنىڭ گەردىشى.

بەزى يىلدا بىر قېتىم ئوتسە ئەگەر دەرتمەن يىتىم،
نالە-زارى ساينى قاپلاپ، قۇمغا سىڭگەن كوز يېشى.

يولچىنىڭ ھالى كېتىپ، توختاپ نەپەس، قالسا يېتىپ،
جەسىدى قالغان كومۇلمەي، قوشۇلۇپ تاشقا بېشى...

ئاتتى تاڭ، تارقاپ تۇمان، سايغا بولەكتىن كىردى جان،
ھەيدىلىپ مۇدھىش دەۋرنىڭ جۇت-شۇۋرغانلىق قىشى.

مىڭلىغان غالىپ پولات قول ئالدى سايدىن توغرا يول،
شۇ بىلەن بولدى راۋان شىمال-جەنۇپنىڭ قاتنىشى.

ئەمدى شۇ يولدىن ئۆتەر، ماشىنىلار تېز، بىخەتەر،
"يول ئازاۋى—گور ئازاۋى" دىمىگەي ھىچبىر كىشى.

قەلبىگە شاتلىق تولۇپ، كەڭ ساي كۆلەر قەھ-قەھ ئۇرۇپ،
ئاقىدۇ خۇددى قىياندەك دەۋرىمىزگە ئالقىشى.

1977-يىل سېنتەبىر، يەكەن.

## بىر گۈزەلگە

باھارنىڭ ھوسنىنى كوردۇم سېنىڭ غۇنچە سىياقىڭدا،
شۇڭا مەجنۇن بولۇپ يۈردۇم كويۇپ ئىشقى پىراقىڭدا.

جۇلالىيسەن گويا تورزدەك، قېشىڭ مىسالى قۇندۇزدەك،
زىبا چاقنايدۇ يۇلتۇزدەك سېھىرلىك كوز قاراغىڭدا.

ئېتەر لۇتفىڭ مېنى ھەيران، ئارامىمنى قىلىپ ۋەيران،
نازاكەت كۆلكىسى جەۋلان قىلار دائىم زىناغىڭدا.

تېپىلغايمۇ ساڭا تەڭداش، ئوتتۇڭدا كىم بىرەر بەرداش؟
شەپەقنىڭ ھوسنىگە رەڭداش قىزىللىق بار ياناغىڭدا.

بىرەر ئوتمەيسەن يانىمدىن، خەۋەر ئالمايسەن ھالىمدىن،
سېنى سويگەن گۇنايىمدىن كى خەس بولدۇم ئاياغىڭدا.

سېنىڭ دەردىڭدە ئاۋارە، يۈرەك-باغرىم تۇمەن پارە،
قىلىپ بۇلبۇل كەبى نالە ناۋا ئەيلەيمەن باغىڭدا.

نىگارا، قىل ماڭا شەپقەت، جېنىمغا يەتمىسۇن زەخمەت،
كويۇپ كۇل بولمىسۇن ئەخمەت كى ھىجرەت بىرلە داغىڭدا.

1977-يىل، يېڭىسار.

## چولدە

سۇزۇك ئاسمان بۇزۇپ تىنىق رەڭگىنى،
بەردى ھاۋا ئوزگىرىشتىن بەلگىنى.
كۇن تۇتۇلدى مىس لىگەندەك قىزىرىپ،
ئايان بولدى زور بورانىڭ كەلگىنى.

ئۇچراپ سۇرلۇك قارا بوران زەربىگە،
چول-باياۋان كەلدى قاتتىق لەرزىگە.
بەگۋاش قىيان قۇترىغاندەك مىسالى،
ئاقتى يامراپ قۇم-شېغىللار كەلكۈنى.

مۇشكۇل بىلەن قەيسەرانە ئىلىشىپ،
مەنزىلىگە يەتمەك ئۇچۇن تىرىشىپ،
نېفت چارلاش دۇيى كېلەر
دولقۇندا
بولۇپ گويا ئۇچقۇر قېيىق يەلكىنى.

جانغا تىغدەك سانچىلسىمۇ زەربىسى،
كار قىلالماس شۇم بوراننىڭ ھەيۋىسى.
بوشاشمايدۇ ئىرادىسى مەرتلەرنىڭ،
قانچە توسقۇن دۇچ كەلسىمۇ ھەر كۈنى.

چۈنكى ئۇلار ماڭغان ئۇزۇن سەپەرگە،
بەلنى باغلاپ يەتمەك ئۇچۇن زەپەرگە.
يېڭىلمەس كۈچ بەخش ئەتكەن دەۋرىمىز،
تەبىئەتنىڭ تىلسىمنى يەڭگىلى.

1978-يىل مارت، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كارۋان سەپەردە

سۈزۈلدى كوك، تۇمان تارقاپ، باھارنىڭ شوخ ساباسىدىن،
سويۇندى ناتىۋان جانلار يېشىل كوكلەم ھاۋاسىدىن.

تولۇپ گۈلگە ئىدىر-تاغلار، پۇراق چاچتى چىمەن باغلار،
قىزىپ كەتتى خوشال بەزمە گۈزەل بۇلبۇل ناۋاسىدىن.

كىشەنلەنگەن تۇمەن تۇلپار قانات قاقتى بولۇپ ئازات،
سېلىپ لەرزىگە ئالەمنى ئۇلۇغ تەۋرەش ساداسىدىن.

سەپەر ئۈستىدە چوڭ كارۋان، ھۇجۇم باشلاندى ئوتكەلگە،
نىشانغا ئورلىدى قورقماي يىراق يولنىڭ جاپاسىدىن.

يېرىپ تاغ، باشلىسا ئەلگە ئىلىم دەرياسىدىن كەۋسەر،
ۋەتەن گۈللەيدۇ مەرتلەرنىڭ ھالال ئەجرى-ۋاپاسىدىن.

1978-يىل سېنتەبىر، قەشقەر.

# خوتەن ھەققىدە غەزەل

يېتىپ كەلدىم گۈزەل تاڭدا خوتەن قوينىغا قەشقەردىن،
قېنىپ ئىچتىم يۇرۇڭقاشنىڭ سۈيىدىن — ئابى كەۋسەردىن.

كوئېنلۇن باغرىدا ئەركىن سەير ئەتتىم، خوشال يايراپ،
ھاۋاسى مەن ئۈچۈن خۇشبۇيى تۇيۇلدى مۇشكى-ئەنبەردىن.

غەزەلخان نوبىتى سۆيگەن ئەزىز تۇپراقنى كەزدىم مەن،
يېتىلگەن ئۇ تىببىي پەرۋىش مۇقەددەس شۇ ئانا يەردىن.

زۇھۇرى كۈيلىگەن ناخشا، قىلىپ دىل ئىشقىنى ئىزھار،
خوتەن رۇخسارىنى ئەلا بىلىپ ئالەمدە ئەھمەردىن.①

---

① شائىر زۇھۇرىنىڭ «دىۋان زۇھۇرى» ناملىق دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن خوتەن ھەققىدىكى مەشھۇر غەزىلىدە:

"جاھان گۈلشەنىدە قەددىڭ ئەر-ئەرمۇ ئىكەن ئايا،
قەددىڭ ئۇزرە رۇخسارىڭ ئەھمەرمۇ ئىكەن ئايا"

دېگەن مىسرالار بار.

سويۈپ ھورلۇك، ئازاتلىقنى، كۈرەشكەچ بۇندا ئەجداتلار،
ئۈنۈپتۇ خۇشپۇراق گۈللەر توكۇلگەن قان بىلەن تەردىن.

ئانا يۇرت قوينىغا مەرتلەر تىكىپتۇ زەپ گۈزەل كەشتە،
چىلىش قوينىدا پەرھاتتەك بولۇپ مەردانە، قەيسەردىن.

قەدىمىي قاش تىشى يۇرتى باھار پەيزىنى سۈرمەكتە،
ئۇلۇغ ئىقبال بىناسىنىڭ قۇرۇپ ئۇلىنى مەرمەردىن.

1978-يىل.

## راۋابىم

زوق بىلەن كۈيلە راۋابىم، شوخ ئاۋازىڭ ياڭرىسۇن،
جۇر بولۇپ جۇشقۇن كوكۇلگە باغدا بۇلبۇل سايرىسۇن،
شوخ ناۋانىڭ لەززىتىدىن دىل سويۇنسۇن، يايرىسۇن،
قىل كۈرەش قوينىدا جەۋلان، ئەلدە مىھنەت قاينىسۇن.

كوپ ئەسىرلىك تارىخىڭ بار شان-شەرەپنىڭ قامۇسى،
سەندە پەرۋاز ئەيلىگەن ئەجدادىمىزنىڭ غايىسى،

زەخمىگىنى قولغا ئالدۇق بوپ ئۇلارنىڭ ۋارىسى،
كۈيلە، ئارزۇ قانغۇدەك، دىللاردا ئارمان قالمىسۇن.

بىر زامانلار زەپ قىسىلدىڭ، ساڭا ئالەم تار بولۇپ،
چوچۇتۇپ زۇلمەت قۇشىن، قالدىڭ ئەيىپكە، خار بولۇپ،
شۇندىمۇ دەرتمەن يۈرەكلەر كەچمىشكە يار بولۇپ،
ياڭرىدى مۇڭلۇق كۈيۈڭ مەيلى قەيەردە چالمىسۇن.

ھەقنى كۈيلەپ، تۈن-جاھالەتنىڭ سىرىنى پاش ئېتىپ،
سايرىدىڭ زورلۇققا قارشى ئوچ-غەزەپتىن تاش ئېتىپ.
زۇلپىقاردەك تاۋلىنىپ كەلدىڭ بۈگۈن بىزگە يېتىپ،
تەلۋىلەر تارىڭنى ئۈزسۇن، مەيلى ئوتقا سالمىسۇن.

سەن ئۈچۈن ئەمدى يارالدى بارچە ئىمكان كەڭ-تاشا،
مەھلىيا ئەيلەپ كوڭۇلنى، سايرا ئەركىن-دىلكۇشا،
جەڭگىۋار مەردانە خەلقىم ئومرىدەك مەڭگۈ ياشا،
توختىماي كۈيلە راۋابىم، خۇش ئاۋازىڭ تالمىسۇن.

1978-يىل ئوكتەبىر، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى

# قاردىكى ئىزلار

## ئىز

تاڭ سەھەردە ماگدى ئوقۇشقا،
جىلتە ئاسقان بىر توپ ئوغۇل-قىز.
بوپ نىشانە قالدى ئۇلاردىن،
قار بېتىدە چىپكىم-چىپكىم ئىز.

جۇپ ئاياقلار چەككەن نەقىشنى،
ئوخشاتتىم مەن قارنىڭ گۈلىگە.
گودەكلەرنى يەتكۈزەر شۇ ئىز،
كېلىچەكنىڭ داغدام يولىغا.

## قارلىق

قېقىلغاندەك بولدى دەرۋازام،
ھېچ كىشى يوق چىقسام تالادا.
قوڭغۇراقتەك كۈلكە ئاۋازى،
ياڭراپ كەتتى تىنىق ھاۋادا.

بوپ تۇيۇلدى سىرلىق تېپىشماق،
ماڭا گويا بۇ ئىشنىڭ سىرى.
ھەيران بولۇپ ئەتراپقا باقسام،
"قارلىق" يېزىپ تاشلاپتۇ بىرى.

كىم ئىكەن دەپ قارلىق تاشلىغان،
چوكۇپ كەتتىم چوڭقۇر بىر ئويغا.
ھاياجانغا تولدى ۋۇجۇدۇم،
چۈشكىنىدە نەزىرىم يولغا:

خوشنا ئويگە قاراپ سوزۇلغان،
قاردا نازۇك ئاياقنىڭ ئىزى...
بىلدىم... مېنى يوقلاپ سەھەردە،
كەپتۇ رەيھان — خوشنامنىڭ قىزى!...

1979 - يىل يانۋار.

## ئالدىدا

— مەرھۇم شائىر نىم شېھىتنى ئەسلەپ

سۇرىتىڭدىن كوز ئۈزەلمەي تەلمۈرۈپ باقتىم ئۇزاق،
مەھلىيا بولغانغا ئوخشاش ئاشىقى يار ئالدىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خاتىرەڭ ئاچچىق ئەلەمدىن ياقتى دىلغا ئوت-پىراق.
بولدى ئوبرازىڭ ئايان تاڭدا چىمەنزار ئالدىدا.

يۈرىگىمدە چىڭ تىڭشىقلىق سەن يېزىپ كەتكەن كىتاپ،
ئورتىنىپ قەلبىم، ۋۇجۇدۇم مەن ساڭا قىلدىم خىتاپ.
سۆيۈنەتتىم نەقەدەر، شائىر ھايات بولساڭ شۇ تاپ،
مۈشكۈلۈم تاپقاي ئاسانلىق دەپ مەدەتكار ئالدىدا.

سەن گويا كەلدىڭ يېنىمغا شۇندا، قەۋرەڭدىن تۇرۇپ،
گۈل-چىمەننىڭ بۇلبۇلىدەك سايرىدىڭ خەندان ئۇرۇپ.
تىڭشىدىم ئوتلۇق كۆيۈگىنى ھىس-ھاياجانغا تولۇپ،
لال بولۇپ ئاشىققا ئوخشاش سۆيگۈ ئىزھار ئالدىدا.

"دەيدۇ كىم شائىرنى ئۆلدى؟ بۇ ھاياتلىق سەھنىدە،
مەن ياشايمەن تا ئەبەت خەلقىم دىلىدا-قەلبىدە،
توختىماي پەرۋاز قىلىپ شانلىق چېلىشتا-غەلبىدە،
سەھنە بولغاندەك ساما گوياكى شۇڭقار ئالدىدا".

سىڭدۈرۈپ قەلبىمگە جۇشقۇن سۆزلىرىڭ مەناسىنى،
ئۇندا كوردۇم چىن گۈزەللىك ئۆلگىسى-رەناسىنى،
ئەۋجىدە ئاقتىم ئۇنىڭ بويلاپ ئىجات دەرياسىنى،
زەرنى خەس بىلدىم، كۆيۈك-دۇردانە ئەشئار ئالدىدا.

دىلدا ئىلھام پارتلىدى قەغـەزگە مەن تىزدىم بېيىت:
مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ ۋەتەنگە بولسا سادىـق ئەر-يىگىت،
يادلىنار داستان بولۇپ خەلقىم دىلىدا نىم شېھىت،
چۈنكى ئۈنتۇلماس ئىجادى توھپىسى بار ئالدىدا.

1979-يىل قەشقەر.

## خەلقىم

غۇرۇرۇم-ئىپتىخارىم سەن سويۇملۇك، جانىجان خەلقىم،
يېڭىلمەس كۈچ-مادارىم سەن ئۇمۇرلوك، قەھرىمان خەلقىم.

ئەقىل ئاسمانىدا يۇلتۇز بولۇپ ئالەمگە نۇر چاچقان،
ئىجادىي توھپىسى مەشھۇر، بىلىم-ھېكمەتكە كان، خەلقىم.

ياراتتىڭ قەھرىمانلىق، ساپ پەزىلەتتىن گۈزەل تارىخ،
بېشىڭدا شان-شەرەپ تاجى، ساڭا قايىل جاھان، خەلقىم.

بوران-چاپقۇندا قارغايدەك كۆتەردىڭ قەد ئېگىلمەستىن،
بېسىپ كەلسىمۇ ياۋ-ئاپەت ئەسىرلەردىن بۇيان، خەلقىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساڭا باش ئەگدى ئىسكەندەر، بېلى ئۇشتۇلدى دارانىڭ،
جەسۇر، قۇدرەتتە تەڭداشسىز، كۈرەشتە پەھلىۋان خەلقىم.

بولۇپ تىمسالى مەرتلىكنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنە-ئۆلگەڭ،
ئۆتۈپ كەلدى نەسىللەرگە زامانلاردىن-زامان، خەلقىم.

بېسىپ ئۆتتى ئەسىرلەرنى ئېغىر چامداپ قېرى تارىخ—
تېخى ياشلىق باھارىڭدا تۇرار سەن نەۋقىران خەلقىم.

كۈرەش-مېھنەت بىلەن ئالتۇن قەسرىنىڭ ئۇلىنى سالدىڭ.
گۈزەل ئىقبال، شەرەپ، غەلبە ساڭا مەنسۇپ ھامان، خەلقىم.

ۋەتەن گۈلزارىدا سۇلماس چىمەندەك بەرق ئۇرۇپ، ياشناپ،
قۇياشنىڭ ئۆمرىدەك باقى ياشا، بولغىن ئامان، خەلقىم!

1979-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

## ئوغلۇمغا

سېنى باسقاندا باغرىمغا،
بالام، مېھرىڭ يانار تەندە.

تۇتاش جىسمىڭ ۋۇجۇدۇمغا،
يۇرەك ئىشقىڭغا پەيۋەندە.

ئۇمىدىمنى قىلاي ئىزهار،
سوزۇمنى ئۇنتۇما زىنهار.
هەزەر ئەيلەپ نادانلىقتىن،
يورۇت دىلنى ئىلىم-پەندە.

ساڭا نۇسرەت ياغار ئۇندىن،
كىتاۋىڭ چۇشمىسۇن قولدىن.
مىسالى كۇيچى بۇلبۇلدەك،
ناۋا قىلغىن ئۇرۇپ خەندە.

بىلىم دەرياسىدا ئۇزگىن،
ئىسىل گوهەر، سەدەپ سۇزگىن.
ئۇچۇشقا گاڭ قانات تاۋلاپ،
مۇئارىپ باغى — گۇلشەندە.

هەقىقەت يولىنى ياقلا،
ۋەتەننىڭ ئەجرىنى ئاقلا.
سىپىپ خۇش هىد، چىچەك ئاتسۇن
ئۇمىدىمنىڭ گۇلى سەندە.

1979-يىل ئىيۇن، ئۇرۇمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بول ـ ماس

كۆرەشكە جان پىدا قىلماي تۇرۇپ مۇشكۇل ئاسان بولماس،
بىلىم كانىنى قازماستىن، سىرو ـ ھېكمەت ئايان بولماس.

نىگارنى ئىزدىگەن ئاشىق مۇرات دەشتىدە پەرھاتتەك،
كېسىپ تاغلارنى يول ئاچماي، يىراق مەنزىل راۋان بولماس.

ئىرادە باغلىسا ھەر كىم نىشانغا يەتمىگى شەكسىز،
جەسۇر كارۋان ئۈچۈن ئەسلا ئۆتەلمەس تاغ ـ داۋان بولماس.

پۈتۈلگەي جۈپ قانات ئەرگە ئۈمىتۋارلىق، جاسارەتتىن،
خوشامەتكۈيدا ئار، ۋىجدان، رەزىل قورقاقتا جان بولماس.

ھايات سىرلىق دېگىز گويا، قېتىدا كوپ ساۋاق، ھېكمەت،
ئۈنىڭ تەكتىگە چوككەنلەر ئەقىل تاپقاي، نادان بولماس.

ئەگەر نە بولسا تەدبىرلىك، بولار شۇ خىلدا تەقدىرلىك،
بېغىڭنى ئاسرىساڭ جۇتتىن، گۈلۈڭ بەرگى خازان بولماس.

ھاياتتا ئەخمەدى ھەرگىز شاپائەت كۈتمە غايىپتىن،
ۋەتەن نەفئىگە كوي دائىم، ئۇنىڭدەك جانىجان بولماس.

1979 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

## باھار

قىش كېتىپ، كوكلەم قىزى باقتى جاھانغا ناز بىلەن،
ئاقتى سۇلار جۇر بولۇپ قۇشلار كۈيىگە ساز بىلەن.

تال چوكان سۇمبۇل چېچىغا تاقتى مونچاقتىن بىزەك،
سايرىشىپ شوخ تۇرنىلار كەلدى ئۇچۇپ پەرۋاز بىلەن.

يايدى رەڭدار زىلچىسىنى جانلىنىپ تاغۇ-دالا،
تولدى باغرى ئىش قىزىتقان ئەر-ئايال سەرۋاز بىلەن.

تويغا جابدۇنغان كېلىندەك ئۇز ياساندى كائىنات،
ۋەتىنىمنىڭ ھوسنىدىن ئالغان يېڭى ئەنداز بىلەن.

تەڭدىشى بارمۇ گۈزەللىكنىڭ باھارغا قوشكىزەك؟
گۈلباھار ئاشنا ئېلىمدە مىڭلىغان ھەمراز بىلەن.

گۈلباھار ئىلھامىدىن زوققا تولۇپ ئېيتتىم غەزەل،
تەنتەنە ـ شاۋقۇنغا تەگكەش بوپ بەلەن ئاۋاز بىلەن.

گۈل ئېچىپ غۇنچە ئىجادىم، ئارمىنىم قۇچقاي ۋىسال،
يار بولۇپ سۈرسەم ئۆمۈر يۇرتۇمدا كوكلەم ـ ياز بىلەن.

1979 ـ يىل ئۈرۈمچى.

## چېچەك

ئاچىلۇر خۇشبۇي چېچەك بىر مەررە ھەر يىلدا چېچەك،
ئىشقى لەززەت تۇيغۇسىنى قوزغىتار دىلدا چېچەك.

ياپ ـ يېشىل كىمخاپ لىباس كىيگەن تەبەت جانلىنىپ،
كەڭ دالا ـ قىردا چېچەك، تاغ ئۈستىدە، غولدا چېچەك.

زىلۋا تاللار بوپتۇ چوكان، بوينىغا مۇنچاق ئېسىپ،
زوقلىنىپ باقسام بېشىمدا، چامدىسام يولدا چېچەك،

بۇ گۈزەللىكنى تاماشا ئەيلىدىم ھەيرەتتە مەن،
چايقىلار گويا دېڭىزدەك ئۇڭۇ ھەم سولدا چېچەك.

تاڭ سەھەردە قايىندى ئىش، كەچتە كوكلەم سەيلىسى،
قىز-يىگىتلەر ئىشقىنى ئىزھار ئېتەر قولدا چېچەك.

مەنمۇ ئىلھام كانى بىلدىم گۈلباھار ئەيياملىنى،
كۈيلىسە تەرىپىنى داستان بولۇر تىلدا چېچەك.

1979-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

## يامغۇر

كوز چاناغىدىن بۇلۇتنىڭ يەرگە ئاققان تامچىلار،
مەشۇغۇمنىڭ چاچلىرىدەك يۈزلىرىمگە قامچىلار.

شاقىرايدۇ كۈيچى يامغۇر ناخشا ئېيتىپ زوق بىلەن:
ئايلىنىپ ئالماسقا تامچام تاغۇ-تاشنى پارچىلار.

ئاشىقى بۇلبۇل ئۇچۇن زوق ئەيلىگەن گۈل-غۇنچىنىڭ،
لەۋلىرىگە چەكتى خال گوياكى زۇمرەت شارچىلار.

چاڭ-غۇباردىن قالمىدى ئىز كائىناتنىڭ ھوسنىدە،
ياشنىدى قىرلاردا مايسا، تاغدا قارغاي، ئارچىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارزۇيۇم شۇ: مەنمۇ ياغسام تا ئەبەت يامغۇر بولۇپ،
ياشنىسا ئەجرىم بىلەن پەرۋىش تېپىپ گۇلباغچىلار.

1979 ـ يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

# يېزام

كوكتېرىق، كوكلەم قىزىدەك جىلۋىلىك كۇلگەن يېزام،
كۈيچى بۇلبۇللار ناۋاسى ئەۋجىگە چومگەن يېزام.
مەرتلىرى توككەچكە تەر باغرىدا گۈل ئۈنگەن يېزام،
قەھرىمان ئەجداتلىرىم ئىشلەپ ئۆمۈر سۈرگەن يېزام،
كوپ ئەسىرلەرنىڭ قىشى ھەم يازىنى كورگەن يېزام.

تۇپرىغىڭ زەرتۇتىيا، شەرۋەت سۈيۈڭ تەنگە داۋا،
مۇشكى ـ ئەنبەردىن قېلىشماس جانغا راھەت خوش ھاۋا،
ھەر تېشىڭ ئالتۇن مەسەللىك، چوپلىرىڭ مېھرىگىيا،
ئاخشىمى قايناپ دۇ مەشرەپ سەندە شوخ نەغمە ـ ناۋا،
ئوم ـ ئىناق مەردانە ئەمگەك پەيزىنى سۈرگەن يېزام.

پاسىۋاندەك قەد كوتەرگەن ياپ ـ يېشىل ئورمانلىرىڭ،
ساي تېشىدەك يامرىشار ئوتلاقتا چارۋا ـ ماللىرىڭ،

كانى بەركەتنىڭ سېخى كۆزدە ھوسۇل خامانلىرىڭ،
ئىش-چېلىشتا بەيگىگە چۈشتى مانا پەلۋانلىرىڭ،
ئەجرىدىن روناق تېپىشقا يەڭنى چىك تۈرگەن يېزام.

قۇچىغىڭدا كوز ئېچىپ، كىندىك قېنىم ئاققان ساڭا،
چومۇلۇپ سۆيۈگە مەن باغرىمنى چىك ياققان ساڭا،
بىر ئەمەس، مىڭ كوز بىلەن تەشنا بولۇپ باققان ساڭا،
چىن مۇھەببەت سويگۈنىڭ رىشتىنى مەن چاتقان ساڭا،
ئوت يۈرەك پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشقىدا كويگەن يېزام.

جانىپىدا، ئالدىم ئوغۇللۇق بۇرچىنى بوينۇمغا مەن،
تەخ بولۇپ ئىش قايناغان مەيداندا ئۆز ئورنۇمغا مەن،
ئاشىغى پەرۋانە بوپ مېھرى ئوتتۇك-نۇرۇڭغا مەن،
زور ئۈمىت-ئەجرىڭنى ئاقلاپ تەر توكەي قوينۇڭغا مەن،
باغرى جەننەت، ئىشقى لەززەت گۈلبېغىم — سويگەن يېزام.

1979-يىل، ئۈرۈمچى.

## گۈل ۋە بۇلبۇل

گۈلنى سويۈپ ئوتتى سەھەر ئۈچقان شامال تاغلاردىن،
بولدى شاھىت كۆيچى بۇلبۇل پىچىرلاشقان سىرلارغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەرتمەن ئاشىق كوز يۇمغاندا، ئوغرى شامال باغلاردىن
گۈل-چېچەكنىڭ خۇش ھىدىنى ئېلىپ قاچتى قىرلارغا.

گۈلگە زارىن توكتى بۇلبۇل ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ:
—ئېچىلىپسەن مەن كورمەستە، بۇ قانداقچە قىسمەتتۇر؟!
تەبەسسۇمدا لەۋ ئېچىپ گۈل ئېيتتى نازلىق تولغىنىپ:
—ئۇيقۇدىن كەچ، ھۇشيار بولماق ئاشىققا چىن خىسلەتتۇر.

1980-يىل يانۋار، قەشقەر.

## تۇيۇقلار

خۇش كۈلۈپ ئىلھام پەرىسى، كەلدى كوكلەم-ياز، دىدى،
قىل ناۋا بۇلبۇل مەسەللىك، پەر، قاناتىڭ ياز، دىدى.
كۈيچىگە قەدرى باھاسىز خوش ئىجات ئەيىامى بۇ،
خەلق، ۋەتەننىڭ سويگۈسىدىن ناخشا-داستان ياز، دىدى.

* * *

رازىمەن سويگۈ يولىدا ئول نىگار ئوت كەچ دىسە،
تەرك ئېتىپ ئۇيقۇڭنى، بىدار ئەيلە كۈندۈز-كەچ دىسە.
رام قىلالمايدۇ بىراق، ھىچۋاقتا كوڭلۇم راينى،
بەر ماڭا ئىشقىڭنى، ئەلنىڭ سويگۈسىدىن كەچ دىسە.

* * *

يىگىت مەرت بولسا ھىچۋاقىتتا ساداقەت لەۋزىدىن يانماس،
كېچىپ جانانىدىن، ئۇزگە لىۋەنىنىڭ ئىشقىدا يانماس.
قىلىپ ئازار بىراۋلارغا، يامانلىق ئەيلىسە ھەركىم،
دىمە ئازار-قىساس بىركۈن ئۇزىنىڭ باشىغا يانماس.

* * *

ئىجاتكار سەن، ئىجادىي ئىشتىياق بىرلە خىيال سۈرگىن،
ھالال ئەجرىڭ بىلەن ئەرگە مۇناسىپ پاك ئۇمۇر سۈرگىن.
دىسەڭ مەڭگۈ ئادالەتنىڭ زىياسى پارلىسۇن ئەلدە،
جاھالەت لەشكىرىنى ئارقىغا قوغلاپ، ئۇرۇپ-سۈرگىن.

* * *

چايانىنىڭ پەيلى شۇ: دائىم بىخۇتنى چاقىنى چاققان،
رەقىپنى يەڭگۈسى باتۇر ئەگەر بولسا چىچەن-چاققان.
جاھاندا ئەڭ قەبىھ دۈشمەن بىخۇتلۇق بىرلە غەپلەتتۇر،
ئەزەلدىن قەلبى ئويغاقلار يىگىتنىڭ ماغزىنى چاققان.

1980-يىل ئاپرېل، قەشقەر.

## ماي كەلدى

بۇ يازنىڭ خۇش دىمى، دوستلار، ئەجەپ خىسلەتكە باي كەلدى،
تەبەسسۇم جىلۋىسى بىرلە پەرىدەك خۇشچىراي كەلدى.

ھىجىر دەشتىدە ئاشىققا ۋىسال جامىدا چاي كەلدى،
تىنىپ پەريادى كاككۇكنىڭ، ئاگا بوستاندا جاي كەلدى.
ھاياتقا قان، ھوزۇرى جان. قىزىلگۈل پەسلى ماي كەلدى،
كوگۇللۇك سەيلە ئەييامى گۈزەل نۇرانە ئاي كەلدى.

جۇلالايدۇ تىنىق مەرمەر سابا، ھوسنىدە يوق داغلار،
قۇياشى پارلىدى ماينىڭ. سۈزۈك سۇبھى ئارام چاغلار.
قىزىل شەلپەر رومالىنى بېشىغا ئارتىشىپ تاغلار،
دىماقنى يارغۇدەك ساپ خۇشپۇراق چاچتى چىمەن باغلار.
ھاياتقا قان، ھوزۇرى جان قىزىلگۈل پەسلى ماي كەلدى،
كوگۇللۇك سەيلە ئەييامى گۈزەل نۇرانە ئاي كەلدى.

ئېچىلدى قىرمىزى لالە، تولۇپ رۇخسارى قىز ئوخشاش،
گويا دەر ناز ئىلە: بارمۇ گۈزەللىك شاھى بىز ئوخشاش؟
ئوسۇپتۇ مايسىلار تەپ-تەكشى قىرقىلغان ئېگىز ئوخشاش،
شامالدا چايقىلار ئۇ بىپايان، چەكسىز دېڭىز ئوخشاش.
ھاياتقا قان، ھوزۇرى جان، قىزىلگۈل پەسلى ماي كەلدى،
كوگۇللۇك سەيلە ئەييامى گۈزەل، نۇرانە ئاي كەلدى.

قىلار خەندان كېچە بۇلبۇل، ساداقەتتىن بېرىپ بەلگە،
قىزىلگۈل باغدا ناز ئەيلەر قىزىل ئەگلىك يېقىپ لەۋگە.
قويۇپ بۇلبۇلنى ھەسرەتتە ئوزىنى سويدۇرەر يەلگە،

ئېرىق-ئۆستەڭ بىلەن سايلار ئېقىشتى لىق تولۇپ سەلگە.
ھاياتقا قان، ھوزۇرى جان، قىزىلگۈل پەسلى ماي كەلدى،
كوڭۈللۈك سەيلە ئەيـيامى گۈزەل، نۇرانە ئاي كەلدى.

چىقىشتى چوجىلەر "چۇك-چۇك" قىلىپ گوياكى بىر قونـچاق،
ئۈرۈك، ئالما، ئۈزۈم تاللار ئېسىپتۇ مۇڭدىن مۇنچاق.
ئېرىق-ئۆستەڭ بويىدا ئۈجمىلەرمۇ رەڭ تۈزۈپ ئاپپاق—
"مېنى يەپ—دەيدۇ ئۇ گوياكى،—لەززەت مغىزىنى چاق".
ھاياتقا قان، ھوزۇرى جان، قىزىلگۈل پەسلى ماي كەلدى،
كوڭۈللۈك سەيلە ئەيـيامى گوزەل، نۇرانە ئاي كەلدى.

سويۈندى ئەخمەدى يازنى كورۈپ، چىققاچقا ئارماندىن،
تورەلگەن چىن گۈزەللىك ئۇ ئانا يەر باغرىغا ئاندىن.
تاپار كىم بۇ گۈزەللىكنى قېزىپ ئالەمنى ھەر ياندىن،
ئۇلۇغ ئەجدادىمىز توككەن ئەسرلىك تەر بىلەن قاندىن.
ھاياتقا قان، ھوزۇرى جان، قىزىلگۈل پەسلى ماي كەلدى،
كوڭۈللۈك سەيلە ئەييامى گۈزەل نۇرانە ئاي كەلدى.

1980-يىل ماي، قەشقەر.

# ئەيلىسە

گۈل رىزا ھىجران تىغى باغرىنى قىزىل قان ئەيلىسە،
ئاچىلۇر بۇلبۇل كېلىپ شاخىدا خەندان ئەيلىسە.

بولغۇسى پەرۋانە خۇش شەمئى شىبىستاننى كورۇپ،
چۈنكى ئۇ يەتكەي مۇراتقا جاننى قۇربان ئەيلىسە.

ھەر كىشى ئۆمرىدە جەزمەن تاپقۇسى يار ۋەسلىنى،
چىن ساداقەت ھەم ۋاپانى جىسمىغا جان ئەيلىسە.

ئاقىمۇ ھىجران سېلىدە چەكمىگەي ئاشىق پىغان،
قان يۇتۇپ تاھىر كەبى زوھرانى ئارمان ئەيلىسە.

ئەجرىدىن روناق تېپىپ، بولغاي چوقۇم نۇسرەتكە يار،
كىم ۋەتەن-خەلقىنى دائىم جانغا جانان ئەيلىسە.

1980 - يىل، قەشقەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بىر جاناپقا

مويسىپىتلىك سۈرىتىدە ھىد پۇراپ،
جان بېقىشنىڭ يولىنى تاپقان جاناپ.
ئۆزىنى چوڭ موتىۋەر ئاقىل ساناپ،
لاپ ئۇرۇپ چەللىدە ئات چاپقان جاناپ.

"جاق" ئېتىپ چۈشكەندە يەرگە ئۇيغىنىپ،
جان ئازاۋىدا ئىلاندەك تولغىنىپ،
ئەبجىغى چىققاندا تامبال بۇلغىنىپ،
شالتىغىغا بوكىنى ياپقان جاناپ.

بەكمۇ رەڭۋاز ئۇ، كەمەكىنىڭ ۋارىسى،
جان تىكىپ ئۈستۈنگە ئۆرلەش غايىسى،
دىپلوماتلىق جان بېقىش دەسمايىسى،
نەپسىنى دەپ ئارىنى ساتقان جاناپ.

ئېرىتەر تاشنى يالاپ يۇمشاق تىلى،
تالچۈۋىقتەك ئەۋرىشىم بويىنى، بېلى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

لەۋزى شىرىن، ئۇغىنىغا تولغان دىلى،
پەس خوشامەت لېيىغا پاتقان جاناپ.

ئۆزگىرەر بىر پەستىلا كۆنگە بېقىپ،
بەزىلەرنى كوپتۇرەر شالى ئېقىپ،
بەزىلەرنى چوكتۇرەر گورگە تىقىپ،
باشلىغىغا قول چوماق، قاپقان جاناپ.

ئۇغا سالماق بوپ كىشىنىڭ ئېشىغا،
سەپ تۈزەر شۇمىلارنى تارتىپ قېشىغا،
چۈشسە تەس كۈن دوستلىرىنىڭ بېشىغا،
ئاگا تۆھمەت تېشىنى ئاتقان جاناپ.

كۈيچى مەن دەپ كۈيلىيەلمەي قان يۇتار،
بوغسا قەلبىنى ھەسەت، تولغاق تۇتار،
ئاكىيۇدەك ئۇز ئۆزىنى يۇپتار،
يۈزى داپتەك قېتلىنىپ قاتقان جاناپ.

مەن ئۆزۈم ماھىر، خۇيۇم چانماس دىمە،
قىلغىنىڭنى قەرز بولۇپ قالماس دىمە،
ئۇز بېشىمغا بىر كۈنى يانماس دىمە،
ئەل قىساسىن بوينىغا ئارتقان جاناپ.

1980 ـ يىل ماي، قەشقەر.

## ۋەتەن ھەققىدە مۇخەممەس

تامايىم يوق ساخاۋەتتىن، ۋەتەن-بەختىم، پاناھىمدۇر،
ئۇنىڭ قوينى ماڭا جەننەت، مۇقەددەس قىبلىگاھىمدۇر.
جۇدۇنلۇق قىش، سوغاق پەيتى مېنىڭ پەسلى باھارىمدۇر،
مۇبارەك ھەر سىقىم تۇپراق كوزۇمگە تۇتىيارىمدۇر،
ھاۋاسى ھەم سۇيى لەززەت، ھوزۇرى دىلخۇمارىمدۇر.

ھاياتىنىڭ يايلىغى يۇرتۇم، ئىجات گۇلزارى-بوستانى،
جاھان تارىخىدا باردۇر ئەبەت ئۇچمەس شەرەپ-شانى.
جىمى ئالەمگە دەسلەپتىن تونۇشلۇق بۇ ئىلىم كانى،
تىلىم چىققاندا دەسلەپكى سوزۇم قۇتلۇق ۋەتەن نامى،
ئانامنىڭ ئاق سۇتى بىرلە پۇتۇلگەن تىل تۇمارىمدۇر.

تېغى ئەلگە پولات قورغان، تېشى ئەلا كۇمۇش-زەردىن،
چولى ئەلا گۇلىستاندىن، گىياسى مۇشكى-ئەنبەردىن.
قىلىشمايدۇ ئۇنىڭ ئاددى بۇلاغى ھەۋزى كەۋسەردىن،
ھوسۇن بەرگەن ئاڭا ئەجدادىمىز ساپ قان بىلەن تەردىن،
ئۇلۇغ تارىخى-چوك قامۇس، غۇرۇرۇم، ئىپتىخارىمدۇر.

قەسەم بىللا ساداقەتتە ئەزىز تۇپراققا لەۋ ياقتىم،
ئوتىدا مەن كويۇپ گويا قېقىنۇستەك قانات قاقتىم.
سۇيىدە ھەم ھوزۇر ئەيلەپ گويا تاھىر بولۇپ ئاقتىم،
تولۇپ ئىلھام، ھاياجانغا ۋەتەن شەنىگە كۈي قاتتىم،
مۇھەببەت دولقۇنى زەخمەك، يۈرەكنىڭ رىشتى تارىمدۇر.

ئاڭا كىندىك قېنىم تامغان بولۇپ ئىز-بەلگۇ مېھرىمدىن،
جۇلالايدۇ جامالىنىڭ زىياسى بەلكى چېھرىمدىن.
كى ئاجرالماس ئۇنىڭ نامى دەقىقە ئويۇ-پىكرىمدىن،
شۇڭا لەيلۇ-ناھار چۇشمەس مۇقەددەس نامى زىكرىمدىن،
ۋەتەن مېھرى ئۇمۇرۋايەت يېشىلمەس كۈچ-مادارىمدۇر.

ئانا تۇپراق ماڭا قىممەت جاھان مۇلكى ۋە جانىدىن،
كېرەك بولسا ۋەتەننى دەپ كېچەرمەن بۇ ئەزىز جانىدىن.
بولاتتىم رازى ئومرۇمدىن، مۇرادىم ھەل بولۇپ ئاندىن:
ئىجادىم بىرلە كىيدۇرسەم ئاڭا گۇلتاج، شەرەپ-شاندىن...
ۋەتەننىڭ ئەجرىنى ئاقلاش يۈرەك ئەھدىم-قارارىمدۇر.

1980-يىل، قەشقەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بىل

ۋاقىتنى بىباھا بايلىق دىسەڭ، قەددىنى قىممەت بىل،
بىخۇت بولما، قولۇڭ-ئىلكىڭدىكى پەيتنى غەنىمەت بىل.

ۋاقىت گويا ئېقىن سۇدەك كېتەر مەيلىڭگە باقماستىن،
ھاياتتا ھەردەقىقەڭنى گويا ئەسىرچە سۇرئەت بىل.

ئومۇرنىڭ ئوغىرىسى ئازغۇن ھاۋايى ئوي-ھەۋەس، بىلسەڭ،
كۈرەش-مېھنەتنى يار تۇتقىن، ئۇنى ئومرۇڭگە زىننەت بىل.

ئۇيات ئىش يوق ساڭا روھىي مېيىپلىق ھەم ھورۇنلۇقتىن،
ئۇمىتۋارلىق، شىجائەتنى گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەت بىل.

كىبىرلەنمە شەرەپ-شاندىن بېشىڭ يەتكەندىمۇ ئەرشكە،
سەمىمى ھەمدە كەمتەر بول، ئۇنى ئىنسانى خىسلەت بىل.

توكۇپ ساپ تەر پىشانەڭدىن ياراتقان ئىش ئىزىڭ-تۆھپەڭ،
سازاۋەر بولسا ئالقىشقا ئۇنى ئىلھام ۋە رىغبەت بىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

غەرەزلىك ماختىسا ھەركىم (ئۆزۈڭدە يوق سۈپەت بىرلە)،
ئۇنى ئىنسانى نەپسىڭگە ھاقارەت بەلكى توھمەت بىل.

ئىجات ئارزۇسىدا كەلسەڭمۇ دۇچ مۈشكۈل ۋە خورلۇقـقا،
"ئىشىڭ مەقبۇل" دىسە خەلقىڭ ئۇنى ئالەمچە ھورمەت بىل.

ئادالەت ھوكمى قانۇنىڭ ساڭا خەلقىڭ باھاسىدۇر،
كى خەلق دانالىغى ئۆلمەس شۇنى پارلاق ھەقىقەت بىل.

ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئايرىلما ساپ ۋىجدان، غۇرۇرۇڭدىن،
كى ھەققە جانپىدا قىلماقنى چىن مەرتلىك ۋە ھىممەت بىل.

ھاياتتا ئەخمىدى جانىڭنى سەن جانان بىلەن بىر تۇت،
ھالال مېھنەت ـ ئىجادىڭنى ئېلىڭگە توھپە ـ خىزمەت بىل.

1980 ـ يىل نويابىر، قەشقەر.

## ئەسلەيمەن

ئۇلۇغ ھورمەتتە ئەسلەيمەن چېۋەر يولباشچى ـ رەھبەرنى،
كۈرەش قۇربانى ئەخمەتجان ـــ ۋەتەنگە جان پىدا ئەرنى.

بايان ئەيلەي ئۇنىڭ ئوچمەس شەرەپ توھپىسىدىن قەترە،
توقۇپ نەزمە، قىزىپ سوز كانىدىن ياقۇت بىلەن زەرنى.

ئېچىپ جەڭ ئىلقىدىن، كۇرمىڭ جەسۇر پەرھاتنى قوزغاتقان،
ئازات قىلماق ئۇچۇن ياۋدىن مۇقەددەس شۇ ئانا يەرنى.

يېنىپ ھورلۇق تەقەززاسى بىلەن شىردەك غازات قىلغان،
ئېلىپ قولغا بوۋام سادىر مىراسى نەيزە-شەمشەرنى.

ئۇنۇتماستىن ۋەتەن-خەلقنىڭ ئەسىرلىك قان قىساسىنى،
رەقىپ ھەلقۇمىدىن سىققان قىلىپ ئۇلگە سەنۇبەر*نى.

قارا تۈن پەردىسىن يىرتىپ، چېچىپ نۇر يولچى يۇلتۇزدەك،
كېزىپ چىققان ئىلى، تۇرپان، خوتەن، تارىم ۋە قەشقەرنى.

شىپا بەرگەچ ئۇنىڭ مېھرى دىلىغا ئەھلى دەرتمەنىنىڭ،
ئەزىز بىلگەن گويا لۇقمان كەبى بۇ لەۋزى شەككەرنى.

نىشان ئەيلەپ كېلىچەكنى، نەسىللەر بەختىنى كوزلەپ،
يىمىش تىككەن گۈزەل باقىا، توكۇپ ساپ قان بىلەن تەرنى.

---

* سەنۇبەر — يازغۇچى ز. قادىرىنىڭ «رودىپاي» ھېكايىسىدىكى ئوزدىنىڭ ئەقىل-پاراستى بىلەن قان شورىغۇچى رودىپاي ئۇستىدىن غەلىبە قىلغان باتۇر يىگىت ئوبرازى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نادامەت بىرلە كوز يۇمدى بىراق، غەييۇر، ئۇلۇغ ئىنسان،
ئىچىپ تەشنالىقى قانماي زەپەر جامىدا كەۋسەرنى.

ئۇنى بىزدىن جۇدا قىلدى رەھىمسىز، بىۋاپا يىللار،
يوشۇرغاندەك قارا پەردە نەزەردىن ماھى پەيكەرنى...

يۈرەكتە يادلىنار مەڭگۇ سويۇملۇك نامى ئۇچمەستىن،
ئۇنۇتماس ھېچقاچان تارىخ ئۇنىڭدەك زاتى قەيسەرنى.

1981 ـ يىل، قەشقەر.

## بىر جۈپ ئاققۇ

تىنىق سۇدا بىر جۈپ ئاققۇ ئۈزۈشۈپ،
يايرايدۇ جان ھوزۇرىنى سۈرۈشۈپ.

مەيلىنى رام قىلغاچ ۋىسال ئۆزىگە،
ئوتكەن ۋاقىت كورۇنمەيدۇ كوزىگە.

كەچكى شەپەق سۇغا قاندەك يېيىلدى،
يېشىل ساسلىق كۆلرەڭ لىباس كىيىندى.

ئەجەپ بىر ھال...كۆز تەگدىمۇ جۈپ قۇشقا،
ئەجەل يەتتى چىشى ئاققۇ — بايقۇشقا.

غايىپ بىر ئوق ئۈچۈپ كەلدى قاياقتىن(؟)
ئاڭقىرالماي، ئۈدالاشتى ھاياتتىن.

ئەركەك ئاققۇ پەريات ئۇرۇپ سايرىدى،
قىسمەت ئۇنى مەشۇقىدىن ئايرىدى!

پەرۋانە بوپ ئۆز جۈپتىنىڭ بېشىدا،
يۈدى ئۇنىڭ قانلىرىنى يېشىدا.

شورلۇق ئاشىق چىدالماستىن قازاغا،
قانات قېقىپ كوتىرىلدى فەزاغا.

مەشۇقىغا تىكىپ خۇمار كۆزىنى،
شېغىل تاشقا ئاتتى ئوقتەك ئۆزىنى.

قان ئىچىدە قالدى بايقۇش نەپەستىن،
جانىنىڭ قۇشى ئۇچتى كوكرەك قەپەستىن

كورۇپ بۇنى تەئەججۇپكە چومۇلدۇم،
چىگىش سوئال قايىنىمىغا كومۇلدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ئەلگە ئايان شۇ ھەقىقەت (سىر ئەمەس):
سۈيگۈ-ۋاپا گۆھەر ئىكەن، مۇقەددەس!

مىڭ ئەپسۇسكى، بەزىلەرنى نەس بېسىپ،
شۇ گۆھەردىن قالغان تامام بى نېسىپ.

شۇڭا ئۇلار، ئۆز لەۋزىدە تۇرالماس،
ئەقەللىسى بىر قۇشچىلىك بولالماس...

1981-يىل، مەكىت.

# مۇئەللىم
## (داستان)

### (مۇقەددىمە)

مۇئەللىم!...
نەقەدەر پەخىرلىك بۇ نام،
مەناسى ئالەمچە شەرەپكە تولۇق.
ھەر يۈرەك ئۆڭگىدىن ئالىدۇ ئىلھام،
دىللاردا مۇھەببەت، ھۆرمىتى ئۇلۇق.

"ئىنسانلار روھىنىڭ ئىنژېنېرى" دەپ،
بېرىلگەن ئۇنىڭغا ئەڭ ئالى ئۇنۋان.
مۇئارىپ ساھەسى — كۇرەشتىكى سەپ
جەڭچىسى ئۇ سادىق، جەسۇر - قەھرىمان.

ھەر دىلغا ئىلىمدىن چاچىدۇ ئۇرۇق،
مەرىپەت يولىغا قىلىپ دالالەت.
ھەر سوزى ئىنسانلار روھىغا ئوزۇق،
ئەجرىدىن ئاڭ - ئىدرەك تاپار كامالەت.

مۇشكۇل ھەم خەتەرنى يېڭىپ يولىدا،
ئورلەيدۇ چوققىغا ئېشىپ تاغ - داۋان.
مەرىپەت باغچىسى ئۇنىڭ قولىدا،
تارقىتىپ خۇشپۇراق، گۇللىنەر ھامان.

قەدىردان ئۇستاز ئۇ، مېھرىۋان ئانا،
ياش ئوسمۇر ئەۋلاتقا چىندىن كويۇملۇك.
ئەڭ قىيىن مۇشكۇلدە بولغاچقا پانا،
ھورمەتكە سازاۋەر، نامى سويۇملۇك.

كۇيلىسەم شۇ نامنى ياڭرايدۇ سازىم،
دولقۇنلاپ قەلبىمدە سويگۇ - ھاياجان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەرۋىشلەپ ئۇستۇرگەن ياشلىق ئۇستازىم،
ئوبرازى ئالدىمدا بولار نامايان:

1

جاپالىق سەپەرگە دادىل يول سېلىپ،
يۈزلەندى شەھەردىن تاغلىق يېزىغا...
كەلدى ئۇ مەرىپەت نۇرىنى ئېلىپ،
يېزامىنىڭ ياش ئوسمۇر ئوغۇل-قىزىغا.

بار-يوق بىساتى ئاددى بىر ساندۇق،
سېلىنغان ئۇنىڭغا خىلمۇ-خىل كىتاپ.
ئومرىنى ئەل ئۈچۈن ئەيلىگەن تارتۇق،
سويۇملۇك كەسپىگە ئومرىنى ئاتاپ.

جەم بولدى مەكتەپكە ئوغۇل-قىزچاقلار.
تەلپۈنۈپ قۇشلاردەك قېقىپ شوخ قانات.
جاراڭلاپ يېقىملىق كۈلكە-قوشاقلار،
باشلاندى يېڭىچە جۇشقۇن بىر هايات.

مەن ئىدىم شۇ چاغدا سەبى بىر گودەك،
كەلدى-دە، شۇ ئۇستاز تۇتتى قولۇمنى.

باشلىدى مەنزىلگە بولۇپ يار-يۆلەك،
كۆرسىتىپ ھەققى ئۇمۇر يولۇمنى.

ئوقۇتتى مەكتەپتە "ئا"، "ب"دىن باشلاپ،
ياندۇرۇپ كوڭلۇمگە ئەقىل شامىنى.
مېھرىدىن يولۇمغا توكۇپ نۇر-ئاپتاپ،
ئورناتتى قەلبىمگە ئۇلۇغ غايىنى.

كۆنسېرى ئۇستازغا ئاشتى ھورمىتىم،
بولغاچقا ئاتامدەك مېھرىۋان-ئامراق.
شوخلۇقتىن رەنجىتتىم ئۇنى كوپ قېتىم.
تۇراتتى شۇندىمۇ تەمكىن ۋە سالماق...

ئېسىمدە، پارتىنى قاپقارا بوياپ،
تىگىشماي ساۋاقنى، سۇرەت سىزغىنىم.
ئېسىمدە، قەغەزدىن قالىغاچ ياساپ،
سىنىپتا ئۇچۇرۇپ، دەرسنى بۇزغىنىم.

— قەدىرلەپ ۋاقىتنى مەھكەم تۇتمىساق،
بىر پەستە ئالدىڭدىن بولىدۇ غايىپ...، —
ئېيتقىنى شۇ بولدى، قىلمىشىم ئۇچۇن
كەتمىدى ئارتۇقچە ۋاقىراپ-كايىپ...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خەتەرلىك كېسەلگە بولۇپ مۇپتىلا،
شۇم ئەجەل پەنجىگە ئالغاندا مېنى؛
شىپالىق بېغىشلاپ تومۇرلىرىمدا،
سوييۇملۇك ئۇستازنىڭ ئاقتى ساپ قېنى!...

پەرۋىشلەپ ئۇستۇردى، ئەجرىنى تۆكۈپ،
تولدۇرۇپ شەرۋەتكە قەلبىم جامىنى.
ھەر ئېيتقان سوزىنى دىلىمغا پۈكۈپ،
ئورناتتىم يۈرەككە ئۇنىڭ نامىنى.

2

ئۇز ئىسمى ئالىمجان، ئاتىسى قادىر...
قالغىنى ئوزگىگە ئېچىلمىغان سىر.
مۇئەللىم كىم ئوزى؟
نەسەپ-زاتىنى
مەن ئەمدى سىلەرگە سوزلەي بىرمۇ-بىر.

بىركۈنى كەچقۇرۇن زېرىكىش بېسىپ
ئولتۇرساق، مۇئەللىم كېپ قالدى ئويگە.
ئىچىگە خوشلۇغى سىغماي ئاتامنىڭ،
مېھماننى ھورمەتلەپ باشلىدى تورگە.

ئالدىراپ - ھولۇقۇپ كوكۇلچەك ئانام،
كەلتۇردى داسقانغا مەزە ھەم قىتىق.
(قوشۇلدى چىلگە ھەم كاۋا سامسىسى...
يېزىنىڭ نېمىتى تولدى لىپمۇ - لىق.)

مۇئەللىم، ئاتامنى داسقان ئۇستىدە
كوردۇممەن گويياكى قەدىناس ئۇلپەت.
ئوي ئىچى باشقىچە جانلىنىپ بىردىن،
باشلاندى كوكۇللۇك دوستانە سوھبەت.

سوزلىدى مۇئەللىم رىيال تۇرمۇشتىن،
تىڭشىدى ئاتامنىڭ ھال - ئەھۋالىنى.
كورسەتتى ئاتامغا تىببى مەسلىھەت،
كېسەلنىڭ ئوزگىرىش ئېھتىمالىنى.

سورىدى سوز ئارا ئاتام ئۇنىڭدىن،
تۇغۇلغان يۇرتىنى، نەسەپ - زاتىنى.
(يالغۇزلا ئاتامنىڭ ئەمەس، بۇ سوئال
چۇلغىغان بارچىنىڭ ئېسى - يادىنى.)

جىملىقتا مۇئەللىم چېھرىگە بىر پەس
دەرت - ئەلەم بۇلۇتى تاشلىدى سايە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشلىدى كوپ ھايال ئۇتمەي ئارىدىن
ئۇ ئۆزى توغرىلىق مۇنداغ ھىكايە:

— تۇغۇلغان ماكانى ئىكەن تاشمىلىق،
شەۋكەتلىك بوۋىمىز موللا يۇسۇپنىڭ.
بولغاچ ئۇ دانىشمەن تارىخچى — ئالىم،
تەرىپى داستانكەن ئاغزىدا كوپنىڭ.

ئومرىدە يېزىپ چوڭ تارىخ قامۇسى،
بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئۇزەلمەي كەتكەن.
"بۇ ئۇلۇغ خىزمەتنى ۋايىغا يەتكۈز" —
دەپ ئاتام قادىرغا ۋەسىيەت ئەتكەن.

پەرز بىلىپ ئەمرىنى ئەزىز ئاتىنىڭ،
ئورنىتىپ قەلبىگە ئۇلۇغ غايىنى؛
ئوتتۇز يىل ئەجرىنى سىڭدۇرۇپ ئاتام،
ۋايىغا يەتكۈزدى «تارىخنامە»نى.

ۋە لېكىن مېھنەتنىڭ راھىتىن كورمەي،
دۇچكەلدى قۇترىغان "سول"لۇق شامالغا.
كىيدۇرۇپ ئاتامغا "ئۇگچى" قالپاقنى،
كىتاپنى "ئەنزە" دەپ ئالدى قامالغا.

مۇقەددەس تارىختىن ئۈنچە تىزغانلىق،
تەڭ بولدى ئاخىرى "زەھەر"، "ۋابا"غا.
ئوتتۇز يىل ئەۋلاتقا بىلىم بەرگەنلىك،
يېزىلدى توھپىگە ئەمەس، گۇناغا.

نە كىتاپ ئالغىنى ئاتام قولىدىن،
ئەزرائىل شۇ سۇرەت جېنىنى ئالدى!..
جان ئۈزۈش ئالدىدا ئېيتتى پىچىرلاپ:
"ئاخىرقى ئۈمىدىم سېنىڭدە قالدى...".

كوز يۇمدى قالدۇرۇپ بىر باغلام قەغەز،
كۆپىيىسى ئىدى بۇ «تارىخنامە»نىڭ.
مەزمۇنى چۇۋالچاق، مۇقەددەم ـ ئاخىر،
ئىزناسى يوق ئىدى نەچچە بابىنىڭ.

ئاتامدىن ئايرىلغان بەش يىلدىن بېرى،
شۇ مېھنەت ئۈستىدە چېكىمەن جاپا.
قانداقمۇ يۈز كېلەي ئۇنىڭ روھىغا،
ئوغۇللۇق لەۋزىمگە قىلمىسام ۋاپا؟!...

مۇئەللىم ئاستىلاپ توختىدى سوزدىن،
بىر لەھزە ئارىغا چوكتى سۈكۈنات.

چۇشەندىم، ئۇمۇرگە مېھمان ئەمەس بىز،
كۇرەشنىڭ سەھنىسى ئىكەن بۇ ھايات!...

يالتىراپ ئانامنىڭ كىرپىگىدە ياش،
مەگزىگە تامغىنى چېلىقتى كوزگە.
ئاتامۇ ئۇستازنىڭ قولىنى تۇتۇپ،
ھاياجان ئىلكىدە كىرىشتى سوزگە:

— بىلىمەن بوۋىڭىز موللا يۇسۇپنى،
دەۋرنىڭ موتىۋەر داناسى ئىدى.
ھەر سوزى خىسلەتلىك ئەقىل جەۋھىرى،
مەنىسى گۇزەللىك بەرناسى ئىدى.

ھازىرمۇ بىرتۇتاش ئۇنلىغان يۇرتنىڭ،
زىيارەتگاھىدۇر ئۇنىڭ قەۋرىسى.
چېھرىڭىز نىمانچە نۇرلۇقكىن دىسەم،
ئىكەنسىز شۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ نەۋرىسى.

كوپ رەخمەت مۇئەللىم، ئەجرىڭىز ئۇچۇن،
ئوغلۇمغا كويۇنۇپ بىلىم بېرىپسىز.
كوپ رەخمەت بۇ قەدەم تەشرىپىڭىزگە،
ئوز كوزۇپ بىزلەرنى يوقلاپ كېلىپسىز...



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەرىمىز ئاتامنىڭ تەكلىۋى بىلەن،
ئەجداتلار روھىغا قىلدۇق دۇئانى.
شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن ئائىلىمىزنىڭ
بوپ قالدى مۇئەللىم پەخرى-مېھمانى.

3

ئاخىرقى كۈنلىرى يازلىق تەتىلنىڭ،
جەم بولدۇق، تەشكىللەپ قىزىق ساياھەت.
خارابە ئىزىنى قەدىم شەھەرنىڭ،
مۇئەللىم باش بولۇپ، قىلدۇق زىيارەت.

بىر چېكى ئۇپۇققا تۇتاشقان قۇملۇق،
ئوخشايدۇ مىسالى چەكسىز دېڭىزگە.
يالقۇنلۇق نەپىسىدىن ياغدۇرۇپ ئاتەش،
ئاچتى ئۇ بىپايان قوينىنى بىزگە.

ھاياجان ئىلكىدە، رىۋايەتتىكى
تىلسىمات كانىغا قەدەمنى باستۇق.
قانچىلاپ توگىنىڭ لوكىسى سىمان
تىزىلغان قاتمۇ-قات دۆڭلەردىن ئاشتۇق.

بىز ئۇچۇن ئاياقتا كەچكىنىمىز ئوت،
قوم دوڭى گوياكى داۋان كورۇندى.
"كورۇنگەن تاغ يىراق ئەمەس" دىگەندەك،
مەنزىلگە يەتكەندە دىللار سويۇندى.

خارابە ئىزلىرى باشلانغان جايدا
تۇراتتى بىر چىدىر — دەم ئېلىش ئويى.
نەچچە كۇن قۇملۇقلار باغرىنى چارلاپ،
قىزىشنى باشلاپتۇ ئارخىلۇك دۇيى.

ھەممىنى ئۈزىگە قىلدى مەھلىيا،
رەڭمۇ-رەڭ گۇل-نەقش ئويۇلغان خىشلار.
ساپالدىن، چىنىدىن، مىستىن ياسالغان
سۇپەتلىك ۋە ئەپچىل قاچا-ئىدىشلار.

يىپەكتىن تىكىلگەن شاھانە لىباس
ئۇستىگە گۇل چەككەن زەردىن كەشتىلەپ.
سىر-ھىكمەت جەۋھىرى قامۇس-كىتاپلار
تىزىلغان بىر ياندا دەستە-دەستىلەپ.

زوق بىلەن كوردۇق بىز، قۇياش نۇرىدا
يالتىراپ تۇرغان ساپ كۇمۇش تەڭگىنى.

ئۇزگەرتمەي ساقلاپتۇ ئۇزاق ئەسىرلەر
شۇ نادىر بۇيۇملار سۈپەت-رەڭگىنى.

كورسەتتى مۇئەللىم بىزگە بىرمۇ-بىر،
قۇم بويلاپ سوزۇلغان خارابە ئىزنى:
پىشقەدەم ئارخىلوك يەرنىڭ ئاستىدىن
قېزىلغان بىر ئۇيگە باشلىدى بىزنى.

ئۇي ئەمەس، كورگەندەك گويا موجىزە،
لال بولۇپ ئەقلىمىز، كىردۇق ئاۋايلاپ.
ئۇستىنىڭ قولىدىن چىققاندەك يېڭى،
تۇرۇپتۇ ھەيۋەتلىك بىر ئۇي جۇلالاپ.

سۇۋالغان تاملىرى ئاپپاق گەج بىلەن،
پارامان، تورۇسقا نەقىش ئويۇلغان.
ئىككى ئۇي ئۇزئارا تۇرار قارىشىپ،
ئوتتىسى كەڭ ئايۋان، تۇۋرۇك قويۇلغان.

مىيامباز ئورناتقان ئويۇق-تەكچىلەر
ئىچىگە تىزىلغان مىس لىگەن، كورا...
گوياكى بىر گوزەل قىزنىڭ بورنىدەك،
ياراشقان ئوچاقنىڭ ئۇستىگە مورا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەجداتلار روھىغا ئاتتى مېھرىمىز،
جام بولۇپ قەلبىمىز سويگۈ-ھۆرمەتكە.
ھاياجان ئىلكىدە دىدۇق: "ئاپىرىن!"،
ئىجاتكار قوللارغا، ئۇلۇغ سەنئەتكە.

ئىلھامى جۇش ئۇرۇپ سوزلىدى ئۇستاز،
شەرۋەتكە چاڭقىغان دىلىنى قاندۇرۇپ.
تەسىرات قاينىمى ياش يۈرەكلەردە،
ئۇچقۇندىن ئوچمەس بىر گۇلخان ياندۇرۇپ:

"ئەجداتلار قالدۇرغان ئۇلۇغ مىراسنىڭ،
پەقەت بىر تامچىسى بىز كورگەن ئۇلگە.
ئەڭ دەسلەپ ھاياتنىڭ بوشىگى ئىدى،
كەڭ تارىم بويلىرى—بۇ ئەزىز ئولكە.

تۇنجى رەت قەدىمىي تارىخ بابىدا،
ئىلىم-پەن ۋە سەنئەت بۇندا يارالغان.
قاراڭغۇ ھالەتتە تۇرغان دۇنياغا،
بۇ يەردىن مەرىپەت نۇرى تارالغان.

مىسالى: شۇ قۇمدا ئەجداتلىرىمىز
ياراتقان چوڭ شەھەر، ئالى قەسرلەر.

ھازىرمۇ شەۋكەتلىك دەۋر ئىزلىرى
ئوچمىگەن، ئوتىسمۇ ئۇزاق ئەسىرلەر...

مۇقەددەس يادنامە، ئەزىز تەۋەرۇك
بىز ئۇچۇن بۇ بايلىق — سەنئەت مىراسى.
ھەقلىقمىز قانچىكى قىلساق ئىپتىخار،
شۇ بۇيۇك مىراسنىڭ بولغاچ ھەقداسى".

ئېچىلدى سېھىرلىك بىر گۈزەل ئالەم،
ئۇستازنىڭ سوزىدىن مېنىڭ ئالدىمدا.
تارىختىن بىر ساۋاق ئاڭلىغان شۇ كۈن
ئۇنتۇلماس چاغ بولۇپ قالدى يادىمدا.

4

باش توخۇ چىللىدى.
يېزا ئۇيقۇدا...
مۇئەللىم ئۆيىدە ئوچمىگەن چىراق.
چارچاشتىن ئەسەر يوق تەمكىن تۇرقىدا،
ئۇيقۇنىڭ خۇمارى كوزىدىن يىراق.

ئاق قەغەز ئۇستىدە تەۋرىتەر قەلەم،
ئالدىدا ئېچىقلىق بىر دەستە كىتاب.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جانلىنار ئۇيىدا كائىنات - ئالەم،
تەپەككۇر قويىنىغا چۆمۈلگەن شۇ تاپ.

گايىدا بىرنەپەس يۇمۇپ كوزىنى،
ئوقۇلغان قۇرلارنى ئالىدۇ ئەسكە.
قىزغىن ئىش قويىندا ئۇنتۇپ ئۆزىنى،
تەييارلىق قىلىدۇ ئەرتىكى دەرسكە.

گوياكى ئىلىمدىن توقۇيدۇ كەشتە،
قەلەمدە كەشتىنىڭ يېپى ئىشلەر.
ئىجاتكار قول بىلەن ھەر بىر نەپەستە،
بىر يېڭى ھىكمەتنىڭ سىرى يېشىلەر...

يىللارنى شۇ يوسۇن ئۆتكۈزدى باشتىن،
ئۇلۇغۋار غايىگە بارىنى ئاتاپ.
ئەسىرلەر بايانى — كەچۈرمىشلەردىن
يارالدى بىرقامۇس — تارىخىي كىتاپ.

ئايانكى ئىلىم - پەن، ئىجات ئەھلىگە،
ئەڭ زورۇر خىسلەتتۇر چىدام ۋە تاقەت.
ئىجاتكار مېھنەتتىن ئالار قەلبىگە،
شىرىن مەي كەيپىدەك ھوزۇر ۋە راھەت.

كىمنىڭكى ۋۇجۇدى ئەل ئۈچۈن يانسا،
بىر زەررە نۇرىنى توكەر ھاياتقا.
كىمكى مەنزىلگە جان تىكىپ ماڭسا،
يەتكۈسى شۇبھىسىز ئارزۇ-مۇراتقا!...

ئۇ ئىشلەر كېچىنى ئۇلاپ سەھەرگە،
ئۇيقۇسىز تۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ باشتىن.
ئۆرلەيدۇ شۇڭقاردەك ئالغا — زەپەرگە،
باش تارتماي جاپادىن، ھېرىپ چارچاشتىن.

تىزىلدى قۇرلارغا گويا ئۈنچىدەك،
تەپەككۇر جەۋھىرى تامچە-تامچىلاپ.
بەخت ھىسسى جانانىنىڭ سۇمبۇل چېچىدەك،
مۇئەللىم جىسمىنى ئۆتتى قامچىلاپ.

بەرق ئۇرار يۈزىدە غۇرۇر، تەبەسسۇم،
قولىدا ئەجرىدىن پۈتكەن ئىش — كىتاپ.
ئارزۇلار غۇنچىسى ئېيلەپ تەرەننۇم،
پىچىرلاپ لېۋىدىن ئۆچتى شۇ خىتاپ:

"مۇشكۇللەر تېغىدىن ئۆتتۈك كىتاۋىم،
قانۇ-تەر ئەجرىمدىن پۈتتۈك كىتاۋىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارامى جانىمسەن، كوگۈل شاتلىغىم،
سەن بىلەن چىن مەنە تاپار ياشلىغىم.

بەھرىمەن بولسا ئەل نەفىسگەدىن زەررە،
بولاتتىم مەن رىزا ئۆندىن مىڭ مەررە!...“

5

پەيدىن-پەي سۇر بولۇت قاپلاپ سامانى،
مۇز پۇركۇپ نەپىسىدىن قۇترىدى جۇدۇن.
ياغدۇرۇپ ئەل ئۇچۇن ئاپەت-بالانى،
باشلىدى تەلۋىلەر مۇدھىش بىر ئويۇن.

نادانلار ئوزىچە بولۇپ ”ئەقىلدار“،
”كونىلىق“ ئۇستىدىن كوتەردى ”ئىسيان“.
پىشقەدەم كادىرلار ”جاھىل ھوقۇقدار“،
مۇئەللىم-ئۇستازلار بولدى ”جىن-شەيتان“.

پىچەتلەپ تاشلاندى مەكتەپ ئىشىگى،
ئىشخانا، ئىتىزدا توختاپ ئىش-ھەركەت.
دىيىشتى: ”ئوقۇشنىڭ نىمە كېرىگى؟!“
”ئىنقىلاپ تۇتۇلسا ھوسۇلدا بەركەت“.

بىر ئۇچۇم تەلۋىلەر ۋاقىراپ راسا،
ئۇقۇيدۇ ئۇزۇندە تەكرار ئەزۋەيلەپ.
بىرمۇنچە ئادەمنى قىلماقتا سازا،
يول بويى ئازاپلاپ، ئۇرۇپ ۋە چەيلەپ.

مۇڭگۇزلۇك باتۇرلار قۇترايدۇ ھامان،
ھۇجۇمغا ماڭغاندەك توۋلاپ "ھۇررا"نى.
مۇئەللىم كەلمەكتە سەپنىڭ ئالدىدا،
كىيدۇرگەن بېشىغا قەغەز كولانى.

ئاھ!... ئۇنىڭ يۈزىگە سۇرتۇلگەن قارا،
يىرتىلغان كوينەكتە قىزىل قان دېغى.
بەدەنگە...

نە بەدەن، قەلبىگە يارا
چۈشۈرگەن زۇلمەتنىڭ قاتىللىق تىغى.

بوينىغا ئېسىلغان ئىجادىي ئىشى،
ئۈستىگە ئارتىلغان بىر ساندۇق كىتاپ.
ئاممىغا سوزلەيدۇ "جىنايىتى"نى،
"گۇناھىم مۇشۇ!..." دەپ قىلىدۇ خىتاپ...

توپلىنىپ مەكتەپكە يېقىشتى گۈلخان،
ئايلاندى مەرپەت بېغى دوزاققا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تاشلاندى كىتاپلار گۇلخانغا شۇ ئان،
يالقۇنلار چارسىلداپ ئۇچتى ھەر ياققا.

ھەسرەتتا!... كىتاپلار كويىدى كۈل بولۇپ،
ئىنسانلار ئەقلىنىڭ جەۋھىرى كويىدى!
مەرىپەت بېغىنىڭ گۇللىرى سولۇپ،
خەلقىمىنىڭ بايلىغى — گەۋھىرى كويىدى!

زۇلمەتنىڭ كوكسىنى يېرىپ نۇر چاچقان،
ئىلىم - پەن مەشئىلى، يۇلتۇزى كويىدى!
ئىنسانغا يۈكسىلىش يولىنى ئاچقان،
ئىجاتكار باشلارنىڭ ئىش ئىزى كويىدى!

كەلگۈسى ئىمىدەپ بېرىشەر جاۋاپ،
ئىلمۇ - پەن، بەختنى ئوتقا ياققانلار؟!
ئىنسانلار ئىچىگە ۋابادەك تاراپ،
قان توكۇپ نام، ھوقۇق، پايدا تاپقانلار؟!

تۈن - زۇلمەت جاھانغا ئەمەستۇر باقى،
ھۇقۇشلار قاناتتا توسالماس كۈننى.
يانمايدۇ ئارقىغا تارىخنىڭ چاقى،
سۇبھى تاڭ ئاخىرى يورۇتار تۈننى!...

## 6

ئالەمگە ھوكمىران مۇدھىش قارا تۈن،
ياش تۇتقۇن مۇشۇ دەم زىنـدان-قەپەسـتە.
ھەقىقەت، ھورلۇككە پەرۋانە تۇتقۇن
ئاھىدىن ئوت يانار ھەر بىر نەپەستە.

جاللاتلار نەچچە رەت ئۇرۇپ-باغلىدى،
تورۇسقا سىم بىلەن ئاستى بارماقتىن.
كويدۇرۇپ بەدەننى ئوتتا داغلىدى،
توھمەتلەر تېشىنى ئېتىپ ھەر ياقتىن.

"نىجاتلىق ئىزدىسەڭ، ئەگەشكىن بىزگە،
ياشاشنى كوزلىسەڭ، يولۇڭدىن قايتقىن.
توۋە قىل! ئوڭكۇردىن چىقىپ ئىگىزگە
مىلتىقنى ئارقىغا بۇراپ ئوق ئاتقىن..."

رەقىپنىڭ ياۋۇزلۇق پەيلىگە قاراپ،
قورقامدۇ ئەر-يىگىت ئەجەل ئوقىدىن؟!
مۇئەللىم مەردانە قايتۇردى جاۋاپ،
ھېيقماي شۇملارنىڭ تەھدىت-دوقىدىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

"ھەقىقەت قارايىماس، خۇددى قۇياشتەك،
زورلۇقنىڭ ئالدىدا خارلانماس ۋىجدان.
مەرت قېنى پارلايدۇ گويا ئوتقاشتەك،
ئەرزىيدۇ ھورلۇككە بەخش ئەتسە جان!

ئولۇمتۈك قۇرۇتقا ئوخشار قورققاقلار،
جان بېقىش قورالى قۇللۇق، خوشامەت.
مۈگدىمەس غەپلەتتە قەلبى ئويغاقلار،
ئەر-يىگىت جاللاتتىن تىلىمەس ئامەت.

ئەل ئارا "مۇئەللىم" دېيىلەر نامىم،
پۈتۈلگەن بۇ ئۇنۋان شەرەپتىن، شاندىن.
ئىنسانلىق غۇرۇرۇم-نومۇس ۋىجدانىم،
ھەقىقەت يولىدا كېچمەن جاندىن!..."

باشلاندى قايتىدىن ھاقارەت، قىيناق،
(ۋەھشىلەر ئويۇندەك كورەر جازانى!؟)
جاللاتلار كوتەرگەن نەيزە ھەم چوماق،
زەربىدىن ياغىدۇ دوزاق ئازاۋى.

تەلۋىلەر شۇ خىلدا قۇتراپ بىر مەھەل،
ئەمەلگە ئاشۇرماق بولدى قەستىنى.

باتۇرغا پەنجىنى سوزسمۇ ئەجەل،
تىك تۇردى زورلۇققا ئەگمەي بەستىنى.

مەن كوردۇم بۇ ھالدىن ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن،
ساداقەت ئىشقىدا يانغان يۈرەكنى!
مەن كوردۇم مەشئەلدەك پارلاپ كۈنۈ-تۈن
نۇر چاچقان يالقۇنلۇق ئارزۇ-تىلەكنى!

مەن كوردۇم بۇ ھالدىن باتۇر جەڭچىنىڭ
ئەڭ جىددى سىناقتا ماھارىتىنى!
مەن كوردۇم بۇ ھالدىن ئۇستاز قەلبىنىڭ
ئىنقىلاپ ئىشىغا ساداقىتىنى!...

7

قارا تۈن ئورنىغا ئالمىشىپ ناھار،
يۈزلەندى زاۋالغا زۇلمەت ۋاباسى.
زىمىستان جۇت كېتىپ، كەلدى نەۋ باھار،
ياڭرىدى گۈلشەندە بۇلبۇل ناۋاسى.

يېڭىلمەس جاسارەت-غەيرەتكە تولۇپ،
ئاتلاندى مۇئەللىم ئۇزۇن سەپەرگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىجادىي مېھنەتتىن توھپىلەر قوشۇپ،
مەرىپەت سېپىدە ئۇلۇغ زەپەرگە.

قالمىدى ئىختىساس، ئەجرى كومۇلۇپ،
خەلق، ۋەتەن مېھنەتنىڭ يەتتى قەدرىگە.
مۇئارىپ سېپىنىڭ ئىلغارى بولۇپ،
ئۇ بۇگۇن شەرەپلىك چىقتى سەھنىگە.

ئۇچۇشقا تەلپۈنگەن قىران بۈركۈتتەك،
مەردانە قامەتكە تولغان جاسارەت.
كوزلىرى نۇر بىلەن چاقنايدۇ ئوتتەك،
ئىجاتكار بېشىدا ئەقىل-پاراسەت.

مەنىسى بىباھا — يالقۇنلۇق سوزلەر
تەبەسسۇم ئىلكىدە ئۇچار لېۋىدىن.
ئۇنىڭغا ئۇمىتلىك تىكىلگەن كوزلەر،
تىڭشايدۇ زور ئىخلاس قويۇپ دىلىدىن.

"ھەقىقەت، ھورلۇككە پىدا ئەيلەپ جان،
خەلقىمىز مەرتلىكنى قىلغاچ ئەنئەنە؛
قىزاردى يەر-ئاسمان، تارقىدى تۇمان،
ھەقىقەت غەلىبىسى قىلدى تەنتەنە.

شەرەپلىك سەپەرنىڭ بەلۋىغى بەلدە،
بۇرچىمىز ئىجادىي مېھنەت ئۆمۈرلۈك.
ئادالەت زىياسى پارلىسۇن ئەلدە،
ياشىسۇن مەرىپەت، ياشىسۇن ھۆرلۈك!"

بۇ سۆزدە سەممىي يۈرەك تۇيغۇسى،
قايىنىغان بۇلاقتەك ئاقار بۇلدۇقلاپ.
بۇ سۆزدە يالقۇنلاپ كۆڭۈل سۆيگۈسى،
كۈيلەيدۇ مەرىپەت، ھەقنى ئۇلۇغلاپ.

بۇ سۆزدە چىن يۈرەك ئەقىدىسى بار،
ئۈنۈملۈك ئىجادىي مېھنەتكە، پەنگە.
ھەر سۆزى بوپ گويا يالقۇنلۇق شوئار،
جەڭگىۋار قوشۇننى چاقىرار جەڭگە...

مۇئەللىم ئەجرىدىن سالار پولات ئۇل،
يۈكسەك پەن ئوتكىلى — ئالتۇن قەسىرگە.
باتۇر سەپ ئالدىدا ئاچار داغدام يول،
ئىلىم-پەن گۈللەنگەن يېڭى ئەسىرگە.

1978 - يىل، قەشقەر.

**金 钥 匙**

（诗集）

（维吾尔文）

米尔扎宜提·克里木
阿 吉·艾 合 买 提 著

编者：买买提力·祖农

责任编辑：霍加阿不都拉

民族出版社出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32 印张：11

1982年10月第1版

1982年10月北京第1次印刷

印数：0001—8,000册 定价：0.50元

书号：M10049(4)144

封面设计　江燕红

书号 M10049(4) 144
价　0.50元

2